

# ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
# ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتى

İYİ PARTİ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
# ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتى

*Hüseyin Raşit Yılmaz*
*İlderya Avşar*
*Mehmet Yeğin*
*Rabigül Hacımuhammed*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

1. يېتەكچىنىڭ خۇلاسىسى 6
2. خىتاي، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ؟ 8
2.1. مۇقىملاشتۇرۇش ۋە خىتايلاشتۇرۇش 14
3. خىتاي نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ 19
3.1. «تېررورلۇق ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇق» قا قارشى تۇرۇش 20
3.2. «مىللىي بۆلگۈنچىلىك» كە قارشى تۇرۇش 24
3.3. يەرشارى زومىگەرلىكى 26
4. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاساسىي ئەركىنلىك 29
4.1. ئانا تىلدىكى مائارىپ مەسىلىسى 29
4.2. ئېتىقاد ئەركىنلىكى 31
4.3. شەخسىي ھوقۇق ۋە پىكىر ئەركىنلىكى 36
5. لاگېرلار 40
5.1. لاگېرلارنىڭ تۈرلىرى 41
5.2. زامانىۋى دەۋردىكى تۇنجى جازا لاگېرى سىناقلىرى 44
5.3. كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ باشلىنىشى: 2016 ـ 2017 48
5.4. جازا لاگېرلىرىنىڭ شارائىتى 51
5.5. لاگېردىكى ئاياللار 68
5.6. قول ئىشچى مەركەزلىرى 76
5.7. بالىلار لاگېرلىرى 84
5.8. خىتاي سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار 88
6. ئائىلە قۇرۇلمىسىغا ئارىلىشىش 95
7. ئاياللارغا قارىتىلغان مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش سىياسىتى 99
8. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئورگان ئەتكەسچىلىكى 103
9. خىتايلارنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بارمۇ؟ 106
10. خەلقئارا قانۇندا لاگېرلار 110
11. مەنبەلەر 128

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 1. يېتەكچىنىڭ خۇلاسىسى

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى 2021-يىلى فېۋرالدىن ئىيۇنغىچە تۆت ئاي جەريانىدا كۆپىنچىسى بىۋاستە جازا لاگېرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار بولغان 53 كىشى بىلەن ئېلىپ بارغان تور ۋە يۈزتۇرانە زىيارىتىمىز تەشكىل قىلماقتا. بىز زىيارەت قىلغان گۇۋاھچىلار ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە ، بەھرەين ، دانىيە، فىنلاندىيە، فىرانسىيە ، گوللاندىيە، ئەنگلىيە ، قازاقىستان، نورۋېگىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق 12 دۆلەتتە تارقىلىپ ياشىماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدە 42 نەپىرى ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ 19 نەپىرى ئايال، 6 نەپىرى بىۋاستە لاگېر شاھىتلىرى، 40 نەپىرى لاگېر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ يېقىنلىرى ئىدى. بۇ جەرياندا ئېلىپ بارغان جەمئىي 70سائەتتىن كۆپرەك سۆھبەت-زىيارىتىمىز گۇۋاھچىلىرىمىزنىڭ رۇخسىتى بىلەن سىنغا ئېلىندى.

دوكلاتنىڭ كىرىش قىسمىدا، خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندا نېمىلەرنى قىلغانلىقى، مەقسىتى ھەققىدە توختىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى «مۇقىملاشتۇرۇش» جەريانىنىڭ 11-سېنتەبىر ۋەقەسىگىچە بولغان يېقىن زامان تارىخى ئانالىز قىلىندى. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئىرقىي ۋە دىنىي پەرقلىقلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن خەلقئارالىق تېررورچىلىققا قارشى ئەندىشىسىنى قانداق سۈيئىستېمال قىلغانلىقى ۋە بۇ ئەھۋالنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئۇخشىمىغان دىنىي ۋە ئېرقى گۇرۇپپىلار ئىچىدە قانچىلىك دەرىجىدە ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمىغۇدەك يوقىتىشلارغا سەۋەپ بولغىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلدى. بولۇپمۇ 2009-يىلىدىن كېيىن ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە قولدىن كېتىشى، ئانا تىل مائارىپى، دىنىي ئەركىنلىكى قاتارلىق ئاساسىي ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىتىلىشى قاتارلىق ئەھۋاللار گۇۋاھچىلارنىڭ بايانلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

دوكلاتتا 2014-2016 يىللاردا قىسمەن ئېچىلغان، 2016-يىلىدىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك قۇرۇلغان جازا لاگېرلىرى ھەمدە بۇ لاگېرلارغا قامالغانلار ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلەر تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

جازا لاگېرلىرىنىڭ بولۇپمۇ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان قىيىن شارائىتلار، قىيىن-قىستاق ۋە جىنسىي باسقۇنچىلىق مەسىلىلىرى شاھىتلارنىڭ تىلىدىن بېرىلدى.

دوكلاتتا يەنە ئاتا-ئانىسى جازا لاگېرلىرىغا قامالغانلىقى سەۋەبلىك خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئىگە چىقىلغان» باللار قامالغان «باللار لاگېرى» ئايرىم بىر بۆلۈم قىلىپ يېزىلدى. بۇ لاگېردىكى باللار ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇھىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىلگەن ھالدا، ھەتتا يېقىن تۇغقانلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈرۈلمەي، تامامەن خىتاي ئىدېئولوگىيەسى بىلەن تەربىيەلىنىپ يېتىشتۈرۈلمەكتە.

يەرشارىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش زەنجىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەركەزلىرى ۋە بۇ مەركەزلەرنىڭ قانداق باشقۇرىدىغانلىقىنى دوكلاتتا تەپسىلىي مۇلاھىزە قىلىندى. مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلاردىن قانداق پايدىلىنىۋاتقانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ تۆلىگەن ھەقسىز بەدەللىرى شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر دۇچ كەلگەن تەھدىتلەر، ئائىلىلىرى بىلەن ئالاقە قىلالماسلىقى ياكى ئالاقىسىنىڭ ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولۇشى، خىتايغا قايتىش ئۈچۈن ئۇچرىغان تەھدىت ۋە بېسىملار «خىتاي چېگراسى سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار» تېمىسى ئاستىدا ئايرىم يورۇتۇپ بېرىلدى.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئائىلە قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يولغا قويغان رادىكال سىياسىتى، ھەر ياش گورۇپپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېك ئاياللارغا قارىتا يۈرگۈزگەن كەڭ كۆلەملىك تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى، ئىچكى ئەزالارنى يۆتكەش جىنايىتىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رولى ـ گۇۋاھچىلارنىڭ ئىپتقانلىرى بويىچە ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلدى. خىتاينىڭ چېگرىسى ئىچىدە ياشاۋاتقان پۇقرالارنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بولغان ئەھۋاللاردىن خەۋەردار ياكى ئەمەسلىكىنى ئايرىم بىر تېما ئاستىدا يورۇتۇپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. چۈنكى بۇ تېما ئەينى ۋاقىتتا خىتايدىكى بىر پارتىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ھەقلىرىدىن بىرى بولغان ئاخبارات ئۈچۈر ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

دوكلاتنىڭ خەلقئارالىق قانۇن دائىرىسىدە لاگېرلارنى ئانالىز قىلغان قىسمى، دوكلاتنى تەييارلاش جەريانىدا زىيارەت قىلغان 53 كىشى ئارىسىدىكى بېۋاستە لاگېر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان 6 گۇۋاھچىنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىغا ئاساسەن يېزىلدى. بۇ بايانلاردا ئېيتىلغان قىيىن ـ قىستاق ۋە شاھىتلارنىڭ شاھىدلىقى خەلقئارالىق قانۇندا كۆرسىتىلگەن «ئېرقى قىرغىنچىلىق» ئەيىبنامىسى نۇقتىسىدىن قانۇنىي نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ ئانالىز قىلىندى.

ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتى تۈركچە، خىتايچە، ئىنگلىزچە ، ئۇيغۇرچە
تۆت تىلدا تەييارلاندى. دوكلاتنىڭ ئوخشىمىغان تىللاردىكى نۇسخىسى ۋە يۇقىرى
سۈزۈكلۈكتىكى قىستۇرما رەسىملەرگە uyghurreport.com ئادرېسىدىن ئېرىشەلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2. خىتاي، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ؟




خىتاي دۆلىتى، خەلقئارا سىستېمىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتۈش نىشانىغا ئاساسەن، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە بىخەتەرلىككە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە دۇنيا مىقياسىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ نىشانىنىڭ بىخەتەر ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنى «يەرشارى تېررورلۇق » مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىلاپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. بولۇپمۇ 11 ـ سېنتەبىردىكى تېررورلۇق ھۇجۇمىدىن كېيىن، خىتاي ئامېرىكىنىڭ رەھبەرلىكىدە باشلانغان يەرشارى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش دەۋرىنىڭ سىياسىي پۇرسەت قۇرۇلمىسىدىن ئۈنۈملۈك نەپ ئالدى. خىتاي دۆلىتى بوگۈن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا يولغا قويغان سىياسەتلەرنىڭ ئۇرۇقىنى شۇ ۋاقىتتا چاچقان ۋە بۇ سىياسەتلىرىنى خەلقئارا سۇپىلاردا ئاقلاشقا باشلىغان ئىدى.

2001 ـ يىلى رەئىسلىك ۋەزىپىسى ئۆتەۋاتقان جياڭ زېمىن، 11 ـ سېنتەبىردىكى تېررورلۇق ھۇجۇمىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ئىختىلاپلارغا قارىماي، ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تولۇق قوللايدىغانلىقىنى ۋە بۇ مەقسەت ئۈچۈن ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىدە ئاكتىپ رول

ئالىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى[1]. ھۇجۇمدىن ئىككى ئاي كېيىن، خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق دائىمىي ئۆمىكى ئېلان قىلغان باياناتتا، بۇ كۈرەشتە نىمىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئوسامە بىنلادېن ۋە تالىبانلار بىلەن بولغان ئالاقىسى» ناملىق ھۆججەتتە، «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان 40 تىن ئارتۇق تارمىقىنىڭ بارلىقى، تەشكىلاتنىڭ 1999 ـ يىلى بازا تەشكىلاتى رەھبىرى ئوساما بىنلادېننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكى يېزىلغان. شۇنداقلا 2000 ـ يىلى ئۆكتەبىردىن 2001 ـ يىلى11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بەرگىچە، بىنلادېن ۋە تالىبانلارنىڭ بۇ تەشكىلاتقا 300 مىڭ دوللار ياردەم قىلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان[2]. بۇ ئەيىبلەشنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ھۆججەت قىستۇرۇلمىغان، ئەمما 90 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يۈز بەرگەن بىر قىسىم تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ مىساللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ قىسقىچە بايان بىلەن، بۇ رايوندا يۈز بەرگەن تېررورلۇق ۋەقەلىرىنىڭ ھەممىسى بىنلادېن ياكى تالىبانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

بۇ ھۆججەت ئېلان قىلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن، ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشى شەرقىي تۈركىستان تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ بازا تەشكىلاتى ۋە تالىبانلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار تەشكىلات ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماقچى ئىدى[3]. لېكىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ قاراردىن ئىلگىرى ئېلان قىلغان يەنە بىر باياناتتا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا نېمىلەرنى مەقسەت قىلغانلىقى توغرىسىدا سىگنال بېرىشكە باشلىدى. «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق كۈچلىرى جازاغا ئۇچرىماي قالمايدۇ» ماۋزۇلۇق ماقالىدە، بىر مىللىي كىملىك سۈپىتىدە تۈركچىلىكنىڭ خاتا ۋە ياسالغان يالغان ئاتالغۇ ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.[4] ھۆججەتكە ئاساسلانغاندا، 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، تۈرك خانلىرى بىر ـ بىرلەپ پارچىلىنىۋاتقاندا، قالغان تۈركلەر ئوخشىمىغان مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ غايىب بولغان. 11 ـ ئەسىردىن كېيىن كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان تۈركلەر بولسا، پەقەت تۈركچە سۆزلىشىدىغان ۋە تارىختا ئەزەلدىن ئوخشاش خانلىق ئاستىدا ياشىمىغان كىشىلەر دېيىلگەن. شۇنداقلا «شەرقىي تۈركىستان» جۇغراپىيەلىك بىر رايوننى كۆرسەتمەيدۇ، بۇ ئاتالغۇ خىتاينى پارچىلىماقچى بولغان مۇستەملىكىچىلەر ئىجاد قىلغان

[1] Permanent Mission of the People's Republic of China to the UN. (2001). Chinese President Jiang Zemin Expressed Condolences by Telegraph over Terrorist Attacks on America and Talked with President Bush on Telephone to Show China's Position against Terrorism. 14 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[2] Permanent Mission of the People's Republic of China to the UN. (2001). Terrorist Activities Perpetrated by 'Eastern Turkistan' Organizations and Their Links with Osama bin Laden and the Taliban. 14 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[3] UN Security Council. (2009). Eastern Turkistan Islamic Movement. 14 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[4] Embassy of the People's Republic of China in the United States of America. (2002). 'East Turkistan' Terrorist Forces Cannot Get Away with Impunity. 15 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

www.uyghurkitap.com

سىياسىي ئاتالغۇ دېيىلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېرورلۇققا قارشى تەييارلىغان بۇ ھۆججەتنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تارىخى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى كىملىك مەسىلىسىگە بېغىشلىشى، كەلگۈسىدە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش نامى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇقىملاشتۇرۇش، خىتايلاشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنىڭ خەۋەرچىسى ئىدى. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا باستۇرۇش ۋە قولغا ئېلىش كۆپىيىپ، بۇنىڭ بىلەن ماس قەدەمدە ساقچىلارنىڭ زوراۋانلىقى، قىيناش ۋە ئۆلۈم جازاسى ئومۇملاشتى. ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مارىي روبىنسون ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، خىتايىنى زىيارەت قىلىپ، ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ، خىتاينىڭ مۇسۇلمانلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت توپىغا بولغان بېسىمىنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇشىغا يول ئېچىپ بېرىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى[5].

2000-يىللاردىكى ئاساسلىق بىخەتەرلىك مەسىلىسى بولغان يەرشارى خاراكتېرلىك تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش شامىلىنىڭ ئارقىسىدا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى باستۇرۇشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئۇنى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش نامى بىلەن ئاقلىدى. 2009-يىلى 7-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن زوراۋانلىقنى «11-سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ خىتايچە نۇسخىسى» دەپ تەسۋىرلەپ،[6] نامايىشقا قاتناشقان 25 ئادەمنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. تەخمىنەن 40 ئادەم «غايىب بولدى». 2011-يىلى ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقىدا زور سىياسىي داۋالغۇشقا سەۋەپ بولغان ۋە سۈرىيەگىچە يېتىپ بېرىپ ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلانغان ئەرەب باھارىنىڭ باشلىنىشى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن يېڭى بىر سىياسىي پۇرسەت كەيپىياتىنىڭ باشلىنىشى بولاتتى. نامايىشنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقى ۋە باشقا دۆلەتلەرگە كېڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆزەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى ھەرىكىتى ئىنتېرنېتنى كونترول قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش بولدى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئالاقە تورىنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە ئەرەبلەر ھەققىدە ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «ياسىمىن» ياكى «مىسىر» قاتارلىق ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركەز نەچچە ئون يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ھۆكۈمەت مۇداپىئە خامچوتىغا قارىغاندا ئاممىۋى بىخەتەرلىك چىقىمىغا تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىشنى قارار قىلدى.[7]

خىتاي ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ھەقىقىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى، «IŞİD» نىڭ سۈرىيە ۋە ئىراقتا كۈنسايىن كۈچىيىشى شۇنداقلا چەتئەللىك ئەسكەر سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن يېڭى يەرشارى تېرورلۇق تەھدىتى دەپ تونۇلۇۋاتقان مەزگىل بولدى. بۇ مەزگىلدە، دۇنيادىكى تېرورلۇق تەھدىتى قارىشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى «IŞİD» نىڭ 2014-يىلى ئىراقنىڭ موسۇل

[5] Elisabeth Rosenthal. (2001). U.N. Official Fears China Uses Terror War as Front for Abuses. *The New York Times*, 10 Kasım 2001.

[6] Wei Shan and Gang Chen. (2009). The Urumqi Riots and China's Ethnic Policy in Xinjiang. *East Asian Policy*. (2009): 15.

[7] Jing-dong Yuan. (2011). The Arab Spring and China's Evolving Middle East Policy. *World Politics Review*. 20 Aralık 2011

شەھىرىنى ئىشغال قىلىشى ئىدى. «IŞİD» شۇ يىلى تۇنجى قېتىم ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە ، بېلگىيە، فىرانسىيە ۋە كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردە ھەرىكەت ئېلىپ باردى. موسۇل ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئوباما ھۆكۈمىتى شۇ يىلى ئاۋغۇستتا «IŞİD»قا ھاۋادىن ھۇجۇم قىلدى. ئاۋغۇست ئېيىدا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەردە 259 كىشىنىڭ نامەلۇم بىر ئەسلىھەدە، قايتىدىن تەربىيەلەش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرپىدىن 10 كۈن سولانغانلىقى خەۋەر قىلىنغان مەزگىل ئىدى.[8] شۇ يىلى، 5000 كىشى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غۇلجا رايونىدىكى باشقا بىر ئورۇنغا ئېلىپ كېلىندى، ئۇلار A دىن D غىچە تۆرلەرگە بۆلۈنۈپ مەجبۇريي تەربىيەلەندى. A تۈردىكى، ھوقۇقتا قارشى تۇرۇش خاھىشى ۋە بىخەتەرلىك خەۋپى ئەڭ يۇقىرى كىشىلەر 20 كۈن، B تۈردىكى ئىدىيەسىنى ئاسان ئۆزگەرتمىگەنلەر 15 كۈن، C تۈردىكى پىكرى يوق كىشىلەر 7 كۈن ، D تۈردىكى خەتەرلىك ئەمەس دەپ قارالغان كىشىلەر 4 كۈن مەجبۇريي تەربىيە قوبۇل قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ چاغلاردىن باشلاپ، جازا لاگېرلىرىنى سىناق قىلىشقا باشلىغان ئىدى.[9]

2015 ـ يىلى، «IŞİD» دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى نەچچە ئاي ئىلگىرى يۈز بەرگەن تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىنى، دۇنيانىڭ نۇرغۇن دۆلەتلىرىدە يۈز بەرگەن «IŞİD» ھۇجۇمىدىن كېيىن ئېلان قىلىپ، ئۆزىنى يەرشارى تېرورلۇقىنىڭ نىشانى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان ئىدى. مەسىلەن، خىتايدا بىر كۆمۈر كاندا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى، ئىككى ئايدىن كېيىن پارىژدا ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن «IŞİD» تەشكىلاتىنىڭ ھۇجۇمىدىن كېيىن، بۇ ئىككى ۋەقە بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەندەك جاكارلىغان ۋە بۇ ئارقىلىق خىتاينى يەر شارى تېرورلۇق نىشانىنىڭ بىرى دەپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان ئىدى.[10] پارىژدىكى ۋەقەدىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتىكى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭمۇ تېرورلۇقنىڭ قۇربانى ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى خەلقئارا تېرورلۇقنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «خىتايمۇ فىرانسىيەدە يۈز بەرگەنگە ئوخشاش تەھدىتكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، شۇڭا بىز بۇ تەھدىتكە تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك».[11] تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى ئېيتقاندەك، خىتاي بۇ پىلان دائىرىسىدە لاگېرلارنىڭ قۇرۇلۇش ۋە سىناق جەريانىنى تېزلەتتى. چاپچال شىبە ئاپتونوم رايونىدىكى لاگېردا 15 كۈن تۇرغان ئۇيغۇرلار، نىكاھ قانۇنى دەرسلىكىدىن تارتىپ سىياسىي تەشۋىقات فىلىمى كۆرۈشكىچە نۇرغۇن ئوخشىمىغان پەنلەردە تەربىيەلەنگەن. تەربىيە جەريانىدا 42 قاتناشقۇچىنىڭ يۇقىرىدا

[8] Adrian Zenz. (2018). Thoroughly reforming them towards a healthy heart attitude': China's political re-education campaign in Xinjiang. *Central Asian Survey*. (2018): 1-27.

[9] China Daily. (2015). Xinjiang's Yining County establishes 'de-extremification' education. 16 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[10] Marie Tredaniel ve Pak K. Lee. (2017). Explaining the Chinese Framing of the 'Terrorist' Violence in Xinjiang: Insights from Securitization Theory. *Nationalities Papers* 46. no. 1 (2017): 13.

[11] Ben Blanchard ve Michael Martina. (2015). "After Paris, China calls for world's support in Xinjiang," *Reuters*. 15 Kasım 2015.

تىلغا ئېلىنغان A تۈرگە تەۋە ئىكەنلىكى ھەققىدە بېرىلگەن ئۇچۇرلارمۇ بار.[12] شۇ يىل، خوتەندە يەنە 3000 ئادەم مەجبۇرىي تەربىيەگە قاتناشتۇرۇلغان بولۇپ، تاملىرى سىم بىلەن قورشالغان لاگېرلارنىڭ رەسمىي مەتبۇئاتلارغا چىققان ئىدى.[13]

2014-ۋە 2015-يىللىرى، دۇنيا مىقياسىدا «IŞİD» نىڭ خەتىرى ۋە بۇ خەتەرگە قارشى ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى «IŞİD» غا قارشى ھاۋا ھۇجۇمى بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، دۇنيا كۆنتەرتىپى 11- سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم يەر شارى تېررورىزم تەھدىتىگە مەركەزلەشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئەھۋالدىن كۈچ ئېلىپ، 2015-يىلى 12-ئايدا يولغا قويغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى دائىرىسىدە، 2016-يىلىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىنى بىر بىخەتەرلىك مەسىلىسى دەپ قارىدى ۋە غايەت زور لاگېرلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى.[14] خىتاي «ئۈچ رەزىل كۈچ» دەپ ئاتىغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئاشقۇنلۇق ۋە تېررورچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ساقال قويۇش، ياغلىق ئارتىش، ھالال رېستوران ۋە دىنىي شەرتلەرگە ئۇيغۇن قوي سويۇش ئورۇنلىرى چەكلەندى.

شۇ يىلى 1-ئايدىن 3-ئايغىچە، «IŞİD» ئوخشىمىغان 9 دۆلەتتە 10 قېتىمدىن ئارتۇق تېررورلۇق ھۇجۇمى ئېلىپ باردى. خىتاي بۇ ۋەقەلەر بىلەن تەڭ، كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان تېررورلۇق تەھدىتىنى باھانە قىلىپ، بەش چوڭ تېخنىكا شىركىتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاسانلا ئېرىشتى.

2016-يىلدىن 2018-يىلغىچە، خىتايدىكى جازا لاگېرلىرىنىڭ كۆلىمى 465% ئېشىپ، 2 مىليون 700 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.[15] بۇ مەزگىلدە، كۆپ قىسىم دىققەت «IŞİD» قا ۋە سۈرىيەدىكى باشقا دۆلەتلەرگە تارقىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان تېررورلۇق تەشكىلاتىغا مەركەزلەشكەنلىكى ئۈچۈن، خىتايدىكى ۋەقەلەر «ئەيىبلەش» بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىندى. بۇ ئەھۋال خىتاينىڭ 2001-يىلى 11-سېنتەبىردىن باشلاپ، يەر شارى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كەيپىياتىنى كونترول قىلىشتا خېلى مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 2018-يىلى ئاۋىستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرى خىتايدا قۇرۇلۇۋاتقان غايەت زور لاگېرلارنى ئاشكارىلىدى ۋە لاگېردىكى تۇغقانلىرىدىن خەۋەر ئالالمىغان ئۇيغۇر دىئاسپوراسىنىڭ ئىجتىمائىي

---

[12] Adrian Zenz. (2018). Thoroughly reforming them towards a healthy heart attitude': China's political re-education campaign in Xinjiang. *Central Asian Survey*. (2018): 12

[13] Lopnur County Government. (2015). The autonomous prefecture performs a performance evaluation of my county's 'deextremification' work. 21 Kasım 2015.

[14] International Labour Organization (ILO). (2017). Counter-Terrorism Law of the People's Republic of China. 30 Mart 2017.

[15] Fergus Ryan, Danielle Cave ve Nathan Ruser. (2018). Mapping Xinjiang's 're-education' camps. Australian Strategic Policy Institute. 16 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

تاراتقۇ ۋە خەلقئارا مەتبۇئاتلاردىكى بايانلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا باشلىدى.[16] شۇ يىلى، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، ئىلگىرى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدا تۇرغانلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەرنى ئېلان قىلغاندا بولسا،[17] دىققەتلەر خىتايدىكى بۇ «غەلىتە» ئەھۋالغا كېچىكىپ بولسىمۇ مەركەزلىشىشكە باشلىدى.

2018-يىلدىن 2020-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، 3 قېتىم ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بارغان Deutche Welle نىڭ مۇخبىرى ماتياس بولىنگېرنىڭ كۆزىتىشىمۇ رايوندىكى جىددىي ھالەتنى ئەكىس ئەتتۇردۇ: «مېنىڭ ئۇ يەرگە بارغانلىقىمنى ساقچىلار بىلىپ قالمىسۇن تۈنجى كۈنى مېھمانخانىغا بىۋاستە بارمىدىم. چۈنكى ئۇلار مېنىڭ مۇخبىرلىق ۋىزىسى بىلەن كەلگەنلىكىمنى بىلسە، مېنىڭ ئەركىن ساياھەت قىلىشىمغا يول قويمايتتى، لاگېرلارنىمۇ كۆرەلمەيتتىم. ئۇلار ھەر بىر مۇخبىرغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. مەن ئەتراپنى ياخشى كۆزىتىش ئۈچۈن ئۇدۇل لاگېر قۇرۇلغان يەرگە باردىم، كامېرانى ئاچتىم ۋە سىن ئېلىشقا باشلىدىم. ئۇلار مېنىڭ كامېرا كۆتۈرۈۋالغىنىمنى كۆرۈپ دەرھال يېنىمغا كەلدى ۋە مېنى سوراققا تارتتى. مەن ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن ئىمكانقەدەر جىقراق رەسىمگە تارتتىم. مېنىڭ ئىچىگە كىرىشىمگە رۇخسەت قىلمىدى، پەقەت كىرىش قىسمىدىكى ئىشخانىدا مەندىن سوئال سورىدى. ئۇ لاگېردىكى قاراۋۇللارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ باشلىقى خىتاي ئىدى. لاگېرنىڭ تاملىرى ۋە تۆمۈر رېشاتكىلار ناھايىتى ئېگىز ئىدى. مەن تۇغقانلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆچرەت ساقلاپ تۇرغان كىشىلەرنى كۆردۈم. بۇ 2018-يىلى ئىدى. لاگېرلار تۈرمىگە ئوخشاش ياسالغان ئىدى، ئىچىدە قاراۋۇلخانا ۋە چارلاش ماشىنىسى بار ئىدى. لاگېرنىڭ تاملىرىدا چوڭ خەتلەر بىلەن «پارتىيەگە سادىق بولۇڭ، پارتىيەگە ئىتائەت قىلىڭ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى دۆلەت تىلىنى ئۆگىنىش» دېگەندەك جۈملىلەر يېزىلغان ئىدى. ئاقسۇ شەھىرىدىكى كوچىدا كېتىۋاتقاندا، ئۇلار خالىغانچە توختىتىپ كىملىك سورىدى. ھەر بىر كوچىنىڭ كىرىشىدە تەكشۈرۈش پونكىتى بار ئىدى. بۇ يەردە كونترول قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئىدى. مەن ئەزەلدىن خىتايلارنى كۆرۈپ باقمىدىم. ماڭا ھەمراھ بولغان ساقچىلارمۇ مەن مېڭىۋاتقاندا تارتقان سۈرەتلىرىمنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. شەھەر مەركىزىدە، 100-200 مېتىر مۇساپە ئارىلىقىغا قۇرۇلغان مەھەللە ساقچىخانىلىرى توختىماي كىملىك تەكشۈرۈۋاتاتتى. شەھەرنىڭ ئەتراپى سىم رېشاتكىلار قورشالغان بولۇپ، تەكشۈرۈش پونكىتىدا تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن شەھەرگە كىرەلەيدىكەنسىز. مېنىڭ بۇ يەردە كۆرگەنلىرىم «مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمەتلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشقا قانچىلىك دەرىجىدە سىڭدۈرۈۋېتىلگەنلىكى ئىدى. مەن يېنىمدا ساقچى يوق بىر ئارا يولدا مېڭىپ، قارشى تەرەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن قاتناش چىرىغىدا توختىدىم، يېشىل چىراغ يانغاندا، مەن قارشى تەرەپكە ئۆتمىدىم، چۈنكى بىر تاكسى ساقلاشنى قارار قىلغان ئىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى ساقچى دەرھال مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، نېمىشقا ساقلاۋاتقانلىقىمنى ۋە ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى سورىدى.»[18]

[16] Fergus Ryan, Danielle Cave ve Nathan Ruser. (2018). Mapping Xinjiang's 're-education' camps. Australian Strategic Policy Institute. 16 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[17] Human Rights Watch . (2018). 'Eradicating Ideological Viruses' China's Campaign of Repression Against Xinjiang's Muslims. Eylül 2018.

[18] ماتياس بوللىنگېر بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈندىكى سۆھبەت

www.uyghurkitap.com

2019ـ يىلى، خىتاي ھۆكۈمىتى لاگېرغا مۇناسىۋەتلىك تەييارلىغان 400 بەتلىك مەخپىي ھۆججەتنىڭ «نىيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» دە ئاشكارىلىنىپ كېتىشى بىلەن، لاگېرلارنىڭ مەقسىتى ۋە ئىقتىدارى توغرىسىدىكى مۇھىم ئۇچۇرلار قولغا چۈشۈرۈلدى.[19] ھۆججەتتە لاگېرلاردا مەجبۇرى تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلارنى «كاللىسىدا ۋىرۇس بار بىمارلار» دەپ تىلغا ئالغان شۇنداقلا بۇ ۋىرۇس سەۋەبىدىن داۋالاشقا ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىنمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لاگېر سىياسىتى توغرىسىدىكى رەسمىي ھۆججەتلەر ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، نۇرغۇن دۆلەتلەر خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىنكاس قايتۇردى. ئىنكاسلارغا ئالدىدا سۈكۈت قىلغان، كېيىن لاگېر توغرىلىق ئەيىبلەشنى رەت قىلغان، ئاندىن لاگېرلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى كەسپىي تەربىيەلەش ئۈچۈن ئېچىلغان تەربىيەلەش مەركىزى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا باشلىق نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىققا ئاگاھلاندۇردى.[20] لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىنكاسى، خىتاينىڭ لاگېردىكى مەھبۇسلارغا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىشى ۋە 21ـ ئەسىردىكى ئەڭ سىستېمىلىق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى دەپ ئاتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالمىدى.[21]

دوكلاتنىڭ بۇ قىسمىدا، بىز زىيارەت ۋە سۆھبەت ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لاگېر ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقنى كۈنسېرى كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى، مۇقىملاشتۇرۇش، خىتايلاشتۇرۇش ۋە ئىرقىي قىرغىن قىلىش ئارقا كۆرۈنۈشىدە كۆزىتىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا ئېلىپ بارغان باستۇرۇشىنىڭ ئۆلچەملىرىنى مۇلاھىزە قىلىمىز.

### 2.1. مۇقىملاشتۇرۇش ۋە خىتايلاشتۇرۇش

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ۋە دىنىي كىملىكى سەۋەبىدىن قارىلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇش ئوبيېكتى قىلىنغانلىقى ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، زىيارەتلىرىمىزدە تىلغا ئېلىنغان ئاتالمىش جىنايى ئەيىبلەشلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇمىنى ئاشكارىلىدى. ئىنسانشۇناس داررېن بايلېر زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇيغۇر كىملىكىنى نىشان قىلغان دىنىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى چەكلىمىلەرنى مىسال قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەش مەنئى قىلىنىدۇ. دەرسخانىلارغا قويۇلغان مىكروفون ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان ياكى سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى نازارەت قىلىدۇ. بىرىنچى قېتىم قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان بولسا ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ ، ئىككىنچى قېتىملىقىدا جازالىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى مەسچىتلەرنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتسىمۇ، ئەمما سىمۋول خاراكتېرلىك ئوچۇق ھالەتتە تۇرغان

---

[19] Austin Ramzy and Chris Buckley. (2019). The Xinjiang Papers ـ ‘Absolutely No Mercy’: Leaked Files Expose How China Organized Mass Detentions of Muslims. *New York Times*. 16 Kasım 2019.

[20] Ben Westcott. (2019). China denies having ‘concentration camps,’ tells US to ‘stop interfering’. *CNN*. 6 Mayıs 2019.

[21] داررېن بايلېر بىلەن 2021ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 9ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

مەسچىتلەرنىڭ ھېچقانداق رولى يوق. نەچچە يىل ئىلگىرى، مەن بۇ رايوندا تۇرغان ۋاقتىمدا، ئۇيغۇرلارنىڭ تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. ئەمما ھازىر تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىش چەكلىنىدۇ. ھەتتا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» ياكى «ئىنشائاللاھ» دېگەندەك سۆزلەرمۇ چەكلەنگەن. دەپنە مۇراسىمى ۋە توي مۇراسىمىغا ھۆكۈمەت خادىملىرىمۇ قاتنىشىدۇ. توي قىلىشتىن ئىلگىرى، چوقۇم خىتاينىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئېيتىشىڭىز كېرەك. نۇرغۇن ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى تۈرمىدە، سېتىلىۋاتقان ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان. قەدىمي ئەنئەنىسى بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئاساسەن ئۆچۈرۈلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ شائىرلىرىغا ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان چەكلەش ئەدەبىيات دۇنياسى ئۈچۈن زور يوقىتىش».

دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قارايدىغان ھەرقانداق بىر كىشى ئىجرا قىلالايدىغان، دىنىي ئاشقۇنلۇق دائىرىسىگە كىرمەيدىغان بارلىق ئىسلام ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇقىملاشتۇرۇش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ، جازالىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل پوزىتسىيە جازا لاگېرلىرى ئېچىلىشتىن خېلى بۇرۇنلا بار ئىدى. ئابدۇراخمان سۇتۇق بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتىمىزدە، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا روزا تۇتقانلار دۇچ كەلگەن بېسىم ھەققىدە مۇھىم تەپسىلاتلارغا ئېرىشتۇق: «مەن ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىمىز «روزا تۇتقانلار بارمۇ؟» دەپ سورايتتى، بىز «يوق» دەيتتۇق. بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى (كورلا) سىياسەتلەر ئالدى بىلەن قەشقەر، خوتەن ۋە ئاقسۇدا يولغا قويۇلاتتى، ئاندىن بىزنىڭ يۇرتىمىزغا نۆۋەت كېلەتتى، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا ئۈرۈمچىدە يولغا قويۇلاتتى. 2004ـ 2005ـ يىللىرىدا، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز «روزا تۇتتۇڭلارمۇ ؟» دەپ سورىغان سوئالىغا «ياق» دەپ جاۋاپ ئېلىپ قويۇپ بىرىشنىڭ ئورنىغا، كەمپۈت ۋە سۇ تارقىتىشقا باشلىدى. باللارنى روزا تۇتقۇزماسلىق ئۈچۈن كەمپۈت ۋە سۇ ئىچىشكە مەجبۇرلايتتى. رامىزاندا چۈشتە مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىش چەكلەنگەن. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە يېمەكلىك ئېلىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. ھازىر باللارنى جۈمە كۈنى چۈشتە نامازغا بارماسلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن چىقارمايدۇ. رامىزان ئېيىدا، مەھەللىدىكى قاراۋۇللار تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۆيلەرنىڭ چىرىغىنى تەكشۈرۈپ، كىمنىڭ زوھۇرلۇققا ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ. بۇ تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن كىشىلەرگە نومۇر قويىدۇ ۋە نومۇرى تۆۋەنلەر تۈرمىگە ياكى لاگېرغا ئەۋەتىلىدۇ.»[22]

سۇتۇق ئەپەندى تىلغا ئالغان روزا تۇتقان ياكى جۈمە نامىزىغا بارماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلارغا قاراتقان باشقۇرۇش، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بېسىم ۋە مەجبۇرلاشقا، قاراۋۇللارنىڭ نازارىتىگە ۋە ئاخىرىدا تۈرمىگە ياكى لاگېرغا ئەۋەتىلىشكە قەدەر يەتكەن ئىدى. سۇتۇق بىلەن بىللە ئوخشاش ۋاقىتتا، لاگېر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان باقتىلى نۇر بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتىمىزدە، روزا تۇتۇش، ناماش ئوقۇش، جۈمە نامىزى ئۈچۈن مەسچىتكە بېرىش ۋە ئىمام بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈشنىڭ لاگېرغا ئەۋەتىلىش ياكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولالايدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتۇق.[23] خىتايدا تۈرمىدە يېتىۋاتقان

---

[22] ئابدۇراخمان سۇتۇق بىلەن 2021ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 6ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

[23] باقتىئالى نۇر بىلەن 2021ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

مەشهۇر ئىقتىسادشۇناس ئىلهام توختىنىڭ قىزى جەۋهەر ئىلهام زۇلۇمنىڭ دەرىجىسىنى ئاشكارىلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تېلېفون سۆھبىتىدە ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان دىنىي سالاملىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. جەۋهەر ئىلهامنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلار جازالىنىش ياكى لاگېرغا ئەۋەتىلىشتىن قورقۇپ، ئۆز-ئارا سالاملىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سۆزنى «كوممۇنىستىك پارتىيە ئامان بولسۇن» دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتكەن.[24]

بىز ئېلىپ بارغان سۆھبەتلەر شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئاشقۇنلۇق ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا ئېلىپ بارغان باستۇرۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسىتى- ئۇيغۇرلارنى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچار قىلىش ئارقىلىق مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىدىن پاكلاش ۋە خىتايلاشتۇرۇش. بولۇپمۇ 2000-يىللارنىڭ بېشىدا يولغا قويۇلغان كۆچمەنلەر سىياسىتىگە ئاساسەن ياكى خىتاي تىلىدىكى «غەربنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتى»گە ئاساسلانغاندا، خىتايلار- ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا كۆچۈشكە ئىلهاملاندۇرۇلغان ۋە بۇ رايونلارنىڭ مىللىي تەركىبى تېزلىكتە ئۆزگىرىشكە باشلىغان. گېرمانىيەدە ياشايدىغان گۈلزىرە تاشمەمەت بۇ جەرياننى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېدى: «2002-يىلى، خىتايلار بىز تۇرۇۋاتقان جايلارنى سېستېمىلىق ھالدا ئىگىلەشكە باشلىدى. بىزنىڭ ئېتىزلىرىمىز ۋە ئۈزۈمزارلىقلىرىمىز بار ئىدى. ھۆكۈمەت ئۇ يەردە قۇرۇلۇش قىلىشنى باھانە قىلىپ بىزگە ئازراق پۇل بېرىپلا، ئېتىزلىرىمىزنى بىزدىن سېتىۋالدى. ئاندىن مەھەللىمىزگە ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە ھۆكۈمەت بىناسى يۆتكەلدى. 2014-يىلغىچە مۇشۇ خىل ۋاستە بىلەن قەدەممۇ-قەدەم يېقىنلاشتى. خىتايلار كەلگەندىن كېيىن مەھەللىدە نۇرغۇن ئىشلار ئۆزگەردى. بىز كىشىلەرنىڭ «تۇرمۇش تەرتىپىمىز بۇزۇلۇپ كەتتى» دېگەن ئەرزلىرىنى كۆپ ئاڭلايتتۇق. يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن خىتايلار ئۇيغۇرلار بار يەرگە كېلىپ، بىز ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى قىلاتتى. بىز ئوچۇق-ئاشكارە قارشى تۇرالمايتتۇق، ئەمما ھەممىمىز بۇ ئەھۋالدىن ئاغرىناتتۇق. ھۆكۈمەت بىناسى قۇرۇلدى، ئېگىز بىنالار سېلىندى. ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان مەمۇرلار، خىتايلارنى بىزنىڭ مەھەللىگە كۆچۈشكە ئىلهاملاندۇرىدىكەن. بۇنىڭدىكى مەقسەت مەھەللىمىزنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇ يەرگە يېڭى بىنا سېلىش ئارقىلىق خىتايلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش. ئۇ ۋاقىتلاردا، ئۆيلەرگە كېلىپ: «ھۆكۈمەت سىلەرنىڭ ئۆيىنى ئالماقچى، كۆچۈپ كېتىڭلار» دەيدىغانلارمۇ بار ئىدى. مېنىڭ مەھەللەم غۇلجىدا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر مەھەللە ئىدى. مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمى خىتاي، يېرىمى ئۇيغۇر بولۇپ كەتكەن ئىدى. 2010-يىلى، مەھەللىدىكى قۇرۇق ئۆيلەرنى خىتايلارغا ئىجارىگە بېرىشىمىز كېرەك ھەققىدە بىر كۆرسەتمە كەلدى».[25]

گۈلزىرە تاشمەمەت تىلغا ئالغان، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا كۆچۈپ كېلىشكە ئىلهاملاندۇرۇش دەپ تەسۋىرلىگەن ئەمەلىيەتنىڭ تەپسىلاتلىرىغا قارايدىغان بولساق، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايونغا كۆچكەنلەرگە ھەقسىز تۇرالغۇ، قوشۇمچە مائاش، يىللىق قوشۇمچە كىرىم ۋە باشقا نۇرغۇن ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تەمىنلەنگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بىز

---

[24] جەۋهەر ئىلهام بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[25] گۈلزىرە تاشمەمەت بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنىدىكى سۆھبەت.

زىيارەت قىلغان بەھرەيندە ياشايدىغان ئوقۇتقۇچى ئارسلان ھىدايەت بۇ ئەھۋالنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېدى: «بىر قىسىم خىتايلار ئۇزۇن مۇددەت ئاچارچىلىقتا قالغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ يۇرتىدا ئىشسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، قورسىقىمنى بولسىمۇ تويغۇزاي، قىلاي دېسەممۇ مەن قىلالايدىغان باشقا ئىش يوق دېگەن لوگىكا بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقسىز ئۆيلىرى بار. ئىككى قات مائاش ئالىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ئۇلار رازى. بۇ ئەھۋال ھەمىشە شۇنداق ئىدى. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كۆرۈپ تۇرىمىز، ئۇلارنىڭ بۇ تۇرمۇشىدىن شىكايىتى يوق. 2013-يىلدىن بۇرۇن ۋەقە يۈز بەرسە ئۆز يۇرتىغا قېچىپ كېتەتتى، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى داۋاملىق تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئۇلار بۇ رايوندىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى شۇنداقلا ئۇ يەردىكى نوپۇسنى كونترول قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇلار پەقەت شەرقىي تۈركىستانغىلا ئەمەس، ھىندىستان چېگراسىدىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ئىشى يوق ئىدى. ھازىر ئۇلار ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. خىتايلار ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش كونترول قىلىشقا ئۇچرىمايدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرتىغا سېلىشتۇرغاندا شەرقىي تۈركىستان تېخىمۇ ياخشى. چۈنكى ئېچكىرىدە سودا يوق، پۇل يوق، نوپۇس جىق».[26]

خىتاي بۇ رايوندىكى مىللىي تەركىبنى ئۆزگەرتىش بىلەنلا قالماي، ئۇيغۇرلارنى خىتاي بولۇشقا زورلىدى. ھازىر گوللاندىيەدە ياشاۋاتقان ئابدۇرەھىم غېنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا خىمىك بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا كۆرگەن خىتايلاشتۇرۇش ۋەقەسىدىن مىسال ئېلىپ مۇنداق دېدى: «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار خىزمەت تاپالمايۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، خىتاي ھۆكۈمىتى غەربنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىگە ئاساسەن، مەن ئىشلەۋاتقان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا 20 خىتاينى ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلغان ئىدى. ئالدى بىلەن ماتېماتىكا دەرسلىرى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىندى. بىر ئاي ئىچىدە بارلىق دەرسلەر خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنىپ بولدى. خىتايچە بىلمەيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرى ئىشسىز قېلىپ، مەكتەپلەردە ئامانلىق ساقلىغۇچى قاتارلىق خىزمەتلەردە ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى. يېشىنى باھانە قىلىپ مەجبۇرى پېنسىيەگە چىقىرىۋېتىلگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىغا يەنە خىتايلارنى قوبۇل قىلدى. 2000-يىلدىن ئىلگىرى، ھۆكۈمەت ئۇ يەردە ئوقۇغان ۋە ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەنلەرگە خىزمەت بېرەتتى . 2000-يىلدىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلىق ۋە مەمۇرلۇق ئىمتىھانى بارلىققا كەلدى. ئىمتىھاندىن ئۆتۈش ئۈچۈن ياش چەكلىمىسى ۋە مىللەت چەكلىمىسى قاتارلىق ئۆلچەملەر بار ئىدى. ئىمتىھانغا ئىلتىماس قىلىشتا خىتاي ۋە ئاز سانلىق مىللەتتىن ئىبارەت ئىككى تۈر بار ئىدى. «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان تۈر يوق ئىدى. ئۇيغۇرلارغا نۇرغۇن ئورۇنلاردا ئىش ئورنى يوق دېيەرلىك ئىدى. مىللىتى خىتاي دەپ چەكلىمە قويۇلاتتى. كۆپىنچە ئىش ئورنىغا ئالىدىغان ئادەم تەييار ئىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىش ئورنىنىڭ پەقەت %10ى ئايرىلاتتى».[27]

---

[26] ئارسلان ھىدايەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[27] ئابدۇرېھىم غېنى بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى سۆھبەت.

www.uyghurkitap.com

يۈز بەرگەن ئىشلار پەقەتلا خىتايلاشتۇرۇش بولۇپ قالماي، مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى دەپ تەسۋىرلەشكە بولىدىغان سىستېمىلىق زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقا يەتكەنلىكىنى زىيارەت قىلغان كىشىلەردىن بىلىۋېلىش مۇمكىن. 2017-يىل ئىسلام ئىسىملىرى چەكلىنىشكە باشلىغان مەزگىلدە، يېڭى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىسلامىي ئىسىملار ۋە ئۇيغۇرچە ئىسىملار مەنئى قىلىندى. مۇھەممەد ئىسمى چەكلەندى، مۇھەممەد دېيەلمەيسىز، مەمەت دەيسىز. مېنىڭ فامىلەم ھاجىمۇھەممەد بولغاچقا، ئۇلار ئىنىمغا: «رابىگۇل فامىلىسىنى ئۆزگەرتسۇن» دەپتۇ. مەن: «مېنىڭ بارلىق دىپلوملىرىمدا فامىلەم ھاجىمۇھەممەد، قانداق قىلىدىكەن؟ مېنىڭ دىپلومىمنىمۇ ئۆزگەرتەمدىكەن؟» دېدىم. ئىنىم: «سەن جىق سوئال سورىما» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ساقچىغا دىپلومنىڭ سۈرىتىنى ئەۋەتتىم. ئۇلار: «دىپلومدىكى ئىسىم چەكلەنگەن ئىسىم» دېدى. مەن «مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، دىپلوم قايتا بېرىلمەيدۇ، دىپلوملىرىمنى قانداق قىلىمەن؟» دەپ سورىدىم، ئۇلار ماڭا: «سەن كىمگە قايسى قانۇننى ئۆگىتىۋاتىسەن؟ چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇدۇم دەپ ئۆزۈڭنى كىم چاغلاپ قالدىڭ» دېدى.[28] سانى نەچچە يۈزمىڭ دەپ قارالغان ۋە ئائىلىسىدىكىلەر جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەن ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئاشكارىلانغان سىن كۆرۈنۈشلىرىدا، باللارنى مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن مەھرۇم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى خىتايلاشتۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ ۋە بۇ جەرياننى باشتىن كەچۈرگەنلەرنى يېشىنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر خىل زوراۋانلىق بىلەن جازالاۋاتىدۇ ۋە ئۇنى «قائىدە» دەپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق نورماللاشتۇرىۋاتىدۇ. گۈلزىرە تاشمەمەتنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى قېرىنداش شەھەر پىلانى دائىرىسىدە، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شەھەرلەر بىلەن قېرىنداش بولغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى شەھەر ۋە يەرلەرنىڭ نامىنى ئىچكىرى ئۆلكىدىكى شۇ شەھەرنىڭ ئىسمىغا ئۆزگەرتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھەتتا تارىخى كوچىلاردىكى نەچچە يۈز يىللىق دەرەخلەر كېسىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلگەن دەرەخلەر تىكىلگەن.[29] خىتاينىڭ سىرتىدا ياشايدىغانلارنىڭ چۈشىنىشى تولىمۇ مۈشكۈل بولغان بۇ مەجبۇري ئۆزگەرتىش ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئەسلىتىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەشقەر شەھىرىدىن پىروفېسسور . دوكتور. ئابدۇررەشىد جېلىل قارلۇق «شەھەر ئۆزگەرتىش» نامىدا، مەجبۇري ھالدا بىناكارلىق ئابىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ قەدىمكى مەركەزلىرى چېقىۋېتىلگەنلىكىنى بۇنىڭ مەجبۇرى ئۆزگەرتىش قىلمىشلىرىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.[30]

---

[28] رابىگۇل ھاجىمۇھەممەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[29] گۈلزىرە تاشمەمەت بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[30] پىروفېسسور ئابدۇرېشىد جېلىل قارلۇق بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.

خىتاي ھۆكۈمىتى، 11-سېنتەبىردىكى ھۇجۇم ۋە ئەرەب باھارىدىن كېيىنكى تۇراقسىز مەزگىلدىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى «IŞID»نىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەرىكەت قىلىشىدىن پايدىلىنىپ لاگېر سىياستى تېزدىن يولغا قويدى. شۇنداقلا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بەرپا قىلغان مۇقىملاشتۇرۇش، خىتايلاشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى سىياستىنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامى ئاستىدا داۋاملىق يولغا قويدى. كېيىنكى بۆلۈمدە، ئۇيغۇرلارنى نازارەت، كونترول، زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق ئاستىدا تۇتۇپ، ئىنتايىن مۇرەككەپ پىلاننى يولغا قويۇۋاتقان خىتاينىڭ، بۇلارنى نېمە مەقسەتتە قىلغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىمىز.

## 3. خىتاي نېمشقا بۇنداق قىلدۇ؟

بىز ئالدىنقى بۆلۈمدە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقنىڭ 2014-يىلى ئاساسى سېلىنىشقا باشلىغان جازا لاگېرلىرى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدىغانلىقى تىلغا ئالغان ئىدۇق. بۇ بۆلۈمدە «خىتاي نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاپ ئىزدەيمىز.

شى جىنپىڭ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن سىياسىيونلار جازا لاگېرىنىڭ رېئاللىقتا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىر مەزگىل ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەتبۇئاتلارغا ئاشكارىلانغان رەسمىي ھۆججەتلەر ۋە لاگېردا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ ئېيتقانلىرى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيا ھەقىقەتنى بىلدى. ئىنكاسلارنىڭ كۆنسېرى كۆچىيىشى بىلەن، ھۆكۈمەت لاگېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە قانۇنلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتى «كەسپىي تەربىيە» ياكى «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ ئاتىۋالغان لاگېردا نۇرغۇن تونۇلغان مەشھۇر ئاكادېمىكلار، سودىگەرلەر، تەنھەرىكەتچىلەر ۋە سەنئەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ كەسپىي تەربىيەلەنگەنلىكىنى ۋە بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى خىزمەتلەردە ئىشلىيەلەيدىغان سەۋىيەگە كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، لاگېرلاردا قالغانلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن لاگېرلاردا بېرىلگەن ئاتالمىش مائارىپنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇرلار قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ياردىمىدە، ھەم لاگېرلاردا ھەم ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خىتايلاشتۇرۇش سىياستى ۋە كەڭ كۆلەمدە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ تەپسىلاتلىرى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا قارىتا خىتاي ھۆكۈمىتى جازا لاگېرلىرىنىڭ مەقسىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى مۇھىم نۇقتىنى قوللاندى. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ئالدىنقى بۆلۈمدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان يەر شارى خاراكتېرلىك تېررورلۇق ۋە كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان «IŞID» نىڭ تەھدىتى ئالدىدا، دىنىي ئاشقۇنلۇق ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش. يەنە بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي پۇقرالىقى ئېڭىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش.

تىلغا ئېلىنغان ھەر ئىككى نۇقتىدا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئۈچ ئاساسىي خاتالىق سادىر قىلغان، بىرىنچىسى، بۇ نۇقتىلار ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇلغان سىياسەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ، ئىككىنچىسى، تىلغا ئېلىنغان خەتەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ئاساسىدا يولغا قويۇلغان سىياسەتلەرنىڭ زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقتىن تەركىب تېپىشى، ئۈچىنچىسى، بۇ زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقنىڭ ئەكس تەسىر كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھازىرقى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ چوڭ ئۇنۇمسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىشى.

www.uyghurkitap.com

## 3.1. «تېررورلۇق ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇق» قا قارشى تۇرۇش

دىنىي ئاشقۇنلۇق، رادىكاللىق ۋە تېررورلۇق ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، دۆلەت بىخەتەرلىكىنى تەھلىل قىلىدىغان ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن. بۇ خىل مۇنازىرىلەر ئورنىغا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا، ئوخشىمىغان ئېتنىك ۋە دىنىي گۇرۇپپىلارغا بولغان بېسىمنىڭ كۈچىيىشى ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سەۋەبى بىلەن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىنسان ۋە جەمئىيەتنى ئاساس قىلغان تەتقىقاتلار چىقتى. بىز كىشىلىك ھوقۇقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق تېررورلۇق ۋە رادىكاللىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانداق ئېلىپ بارغىلى بولىدىغانلىقى ۋە بۇ كۈرەش جەريانىدا قوللانغان ئىستراتېگىيەلەرنىڭ ئەكس تەسىر ئېلىپ كېلىپ، تېررورلۇق ۋە رادىكاللىشىش خەۋپىنى ئاشۇرۇۋەتكەنلىكى توغرىسىدىمۇ توختىلىمىز. بۇنىڭغا ئاساسەن، تېررورلۇق ياكى رادىكاللىققا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت ياكى باھانە قىلىپ، مەلۇم بىر ئىرق ياكى ئېتنىك، دىنىي ياكى مەدەنىيەت گۇرۇپپىسىنىڭ كۆنگەن تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئۆرپ-ئادەتلىرى، مەدەنىيەت سىمۋوللىرى ۋە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پىروگراممىلار بىر بىخەتەرلىك مەسىلىسى دەپ قارالغاندا، ھەل قىلىش چارىسىدىن يىراقلىشىدۇ. نىشانلىق گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ سىستېمىلىق ھالدا زۇلۇمغا، چەتكە قېقىلىشى ، قانۇنسىز باستۇرۇلۇشقا ۋە زوراۋانلىققا ئۇچرىشى، ھوقۇق تۇتقانلار بىلەن گۇرۇپپا ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتماللىقنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ گۇرۇپپىسىنى «جىنايەتچى» ياكى «تېررورچى» دەپ ئاتىشى بىلەن گۇرۇپپا ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەھۋالنى قانۇنلۇق يوللار بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئۈمىدسىزلىك رادىكال گۇرۇپپىلارغا ياكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىش خەۋپىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

بۇ قىسقىچە ئۇچۇرغا ئاساسەن، بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يولغا قويغان، يەر شارى تېررورلۇق ۋە كونسېرى كۈچىيىۋاتقان «IŞID» نىڭ تەھدىتىگە قارشى تۇرۇش نامىدىكى ئىستراتېگىيەسىنى قايتىدىن ئويلاپ باقايلى. خىتاي ھۆكۈمىتى جازا لاگېرلىرىدا مەجبۇرى تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنى كۈچلۈك بېسىم ۋە زوراۋانلىققا دۇچار قىلغانلىقىنى دوكلاتنىڭ كېيىنكى بۆلەكلىرىدە تەپسىلىي چۈشەندۈردۇق. تېخىچە لاگېرلارغا ئېلىپ بېرىلمىغان ياكى تەلىيى كېلىپ لاگېردىن چىققان ئۇيغۇرلارنى ئىنتايىن سىستېمىلىق كۆزىتىش مېخانىزمى بىلەن قەدەممۇ-قەدەم كونترول قىلىدۇ. دۇنيانىڭ بىر مىللەت ياكى بىر دىنىي گۇرۇھقا قارشى ھازىرغا قەدەر دۇنيادىكى ئەڭ سىستېمىلىق فىزىكىلىق ۋە تېخنىكا كونترول قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى تەرەققىي قىلدۇرغان خىتاي ھۆكۈمىتى، بۇ ئىشلارنى «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە مەلۇم بىر ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ بىخەتەرلىكلىشىشى ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە سەۋەپ بولىدۇ. 2 مىليون 200 مىڭ نوپۇسىنىڭ 70% نى خىتايلار تەشكىل قىلىدىغان ئۈرۈمچىدە، ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك 2018-2019-يىللىرى رەقەملىك خاتىرىلەنگەن ساقچى دوكلاتى تەخمىنەن 250 مىليون قۇردىن ئاشىدۇ. بۇ دوكلاتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىدىن بەكرەك، ماشىنا نومۇر تاختىسىدىن تارتىپ تۇرۇشلۇق ئادرېسىغىچە نۇرغۇن شەخسىي ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى، قوللىنىلغان

«تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئۇسۇلىنىڭ پايدىسىز ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى.[31] ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىۋاتقان ساقچى تەكشۈرۈش پونكىتلىرى، «ھەر بىر مەھەللىگە بىر ساقچىخانا، ھەر بىر ئائىلىگە بىردىن ساقچى» غا ئوخشايدىغان ئۇسۇللار،[32] پايلاش ۋە ئۆيگە بېسىپ كىرىش، ئۆي تەكشۈرۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئۇسۇللار ئۇيغۇرلارنى «گۇمانلىق»، «خەتەرلىك» ۋە «جىنايەتچى» ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەقەملىك ئۇل ئەسلىھە ۋە كۆزىتىش سىستېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خىزمىتى بىلەن تونۇلغان داررېن بايلېر بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتىمىزدە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېخنىكا شىركەتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بارغان تېخنىكا كونترول مېخانىزمى ھەققىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۇچۇرلارغا ئېرىشتىمىز: «خىتاي ھۆكۈمىتى «بىخەتەر شەھەر سىستېمىلىرى » دەپ ئاتىغان مېخانىزم بىلەن كامېرا ۋە كونترول نۇقتىلىرىدىن پايدىلىنىپ ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرەيدۇ ھەمدە گۇمانلىقلارنىڭ تىزىملىكىنى تەييارلايدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ چېكىدىن ئاشقان نۇقتىغا يەتكەنلىكىنى، پەقەت لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەنلەر ياكى ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىلا ئىز قوغلاش تىزىملىكىدە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تىزىملىكتە ئىكەنلىكىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەن بۇنى «ئەۋرىشىم چەكلەش سىستېمىسى» دەپ ئاتىدىم. تېخنىكا شىركەتلىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى تەجرىبىخانا دەپ قارايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان تېخنىكىلار بىلەن مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي نازارەت ئاستىغا ئالىدۇ. ئۇلار خەتەرلىك دەپ قارالغان بۇ تېخنىكىلارنى باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ . شۇڭلاشقا، خىتاي شىركەتلىرىنىڭ نىشانى بۇ خىل نازارەت قىلىش ۋە كونترول قىلىش تېخنىكىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى باشلامچى بولۇش».[33]

تومى زىۋكى خىتاي تېخنىكا ماگناتى خۇاۋېينىڭ دانىيەدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شىركەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدە قوللىنىلغان تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەن ئىدى. زىۋكى زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئىلگىرىكى شىركىتى تەتقىق قىلىپ چىققان تېخنىكا توغرىسىدا بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى ھەمبەھىرلەپ مۇنداق دېدى: «دانىيەدە سىناقلار سالمون بېلىقى بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. سۇنئىي كۆلچەكلەردە بىر 10 مىڭدىن ئارتۇق بېلىقنى بۇ سىستېمىغا سالدۇق. ئۇلار كېسەل بولۇپ قالسا، باشقا بېلىقلارغىمۇ يۇقۇشى مۇمكىن ئىدى. بىر كامېرا يەككە ھالدا كېسەل سالمون بېلىقنى يۈزىدىن بايقىيالايدۇ ۋە ئۇنى سىرتقا قويۇۋېتەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز باشقا بېلىقلارنى ساغلام باقالايمىز. دەۋاتقىنىمىز ئاساسەن مۇشۇ قاتتىق دېتال بىلەن ئوخشاش. ئەينى چاغدا مېنىڭ بۇ ھەقتە

[31] Darren Byler. (2021). Chinese Infrastructures of Population Management on the New Silk Road. Essays on the Rise of China and Its Implications. Mart 2021. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[32] İlham Tohti. (2015). Hapisteki Lider İlham Tohti Yolum ve Gayem: Uygur Türkleri ve Çin Meselesi. Şira Yayınları. Eylül 2015. Derleyen Hamit Göktürk. sf:231.

[33] داررېن بايلېر بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 9-كۈنى قىلىنغان سۆھبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلىدىغانلىرىم مۇشۇنچىلىك ئىدى. بۇ سىستېمىنى قانداق ئىشلىتىش بىزنىڭ ئىختىيارلىقىمىزغا باغلىق. خۋاۋېي: «بىز ھەرۋاقىت قانۇنغا رىئايە قىلغان ئاساستا قاتتىق دېتال ساتىمىز، ئەمما ئالغانلار ئەخلاقسىز ئىشلارغا ئىشلەتسە بىز ئۇنىڭغا ئارىلاشمايمىز» دەيدۇ. بۇ خۇددى بوكو ھەرەمنىڭ تويوتانى ئىشلىتىشىگە ئوخشايدۇ. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن تويوتانى ئەيىبلىيەلمەيمىز. ئوخشاشلا، بىز خۋاۋېينى ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىش بىلەن ئەيىبلىيەلمەيمىز. ماڭا دېيىلگەن ۋە ئىشەنگەنلىرىم بۇ ئىدى. بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە. لېكىن ئاشكارىلانغان خۋاۋېي ھۆججەتلىرى بىزنىڭ پەقەت قاتتىق دېتال سېتىش بىلەنلا قالماي، يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلىدى. مەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆپ بىلمەيمەن. ھازىرمۇ شۇنداق، ئەمما بۇ مۇھىم ئەمەس. بىر كىشىلىك ھوقۇقا بويسۇنۇشىمىز كېرەك. بۇ بەلكىم ئاز سانلىق مىللەت دەپ قارالغان ۋە باشقا شىركەتلەر تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان يەنە بىر ئاز سانلىق مىللەت بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ مېنىڭ ئىستېپا بېرىشىمدىكى ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ قالدى. چۈنكى مەن شىركەتكە بولغان ئىشەنچىمنى يوقاتتىم. بۇ ئەھۋالدا مەن ئۇ يەردە داۋاملىق ئىشلىيەلمەيتتىم».[34]

خىتاي ھۆكۈمىتى رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ جازا لاگېرلىرىدا مەجبۇرىي قامالغان ئۇيغۇرلارنى «زىيھىنىدە ۋىرۇس بولغانلىقى ئۈچۈن داۋالىنىشى كېرەك ۋە ئەسلا رەھىمدىللىك كۆرسىتىلمەسلىكى كېرەك» دېيىش ئارقىلىق مىليونلارچە كىشىنى بىمار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشى بۇ ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى يىغىنچاقلايدۇ.[35] بۇنىڭدىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار يولغا قويغان ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئادەتلىرى (ھالال گۆش تاللاش، ياغلىق ئارتىش، ئۆيدە قۇرئان ساقلاش قاتارلىقلار) جىنايى ئىشلار دەپ قارىلىدۇ ۋە چەكلىنىدۇ. مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئارسلان ھىدايەت بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىمىزدە، خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىپ يولغا قويغان قېرىنداش ئائىلە پىلانى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى نازارەت قىلىش ۋە خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن دېيىلگەن. ئارسلان ھىدايەتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ خىتاي مىللىتىدىن بىر تۇققىنى بار، بۇ تور دائىرىسىدە خىتاي ئائىلىسى ۋە ئۇيغۇر ئائىلىسى بىر بىرىنى مەجبۇرى ھالدا يوقلايدۇ، بۇ جەرياندا خىتاي ئائىلىلىرى بەزىدە ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە چوشقا گۆشى يېگۈزگەن ، بەزىدە خىتاي ئەرلىرى ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ قىزلىرىغا جىنسىي پاراكەندىچىلىك سالغان.[36]

---

[34] تومى زىۋكى بىلەن 2021-يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[35] Austin Ramzy and Chris Buckley. (2019). Absolutely No Mercy: Leaked Files Expose How China Organized Mass Detentions of Muslims. The New York Times. 16 Kasım 2019. 27 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[36] ئارسلان ھىدايەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى سۆھبەت.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەجبۇرلاشلار ۋە دىنىي چەكلىمىلەر نەتىجىسىدە، جىهادچى رادىكال گۇرۇپپىلارنىڭ قورالىق كۈرەشكە چاقىرغان پىكىرلىرى قوبۇل قىلىنىشقا باشلايدۇ. شۇڭا خىتاي ھۆكۈمىتى تېررورلۇق ياكى دىنىي ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرمايدۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تېررورلۇق ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇق يولىغا مېڭىشى ئۈچۈن ئاساس تەييارلاپ، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان دىنىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى زۇلۇمىنى قانۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشايدىغان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ جىسمانىي ۋە تېخنىكا جەھەتتىن قاتتىق كۆزىتىلىشى ۋە كونترول قىلىنىشىغا قارىماي، سۇرىيەدىكى جىهادچى گۇرۇپپىلارغا تۇتىشىدىغان يوللارنىڭ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوچۇق بولۇشى ۋە سۇرىيىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ بىزنىڭ ئېيتقانلىرىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.[37]

2015-يىلدىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز ھالدا خىتايدىن ئايرىلىشى ناھايىتى تەس ئىدى. بىز زىيارەت قىلغان بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە بولۇپمۇ 2009-يىلدىن 2015-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا پاسپورت ئېلىش ۋە چەتئەلگە چىقىش بەسى مۈشكۈل ئىكەن. 2015-يىلى تۇيۇقسىزلا ئاسانلاشقان ھەمدە دۆلەتنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن پاسپورت ئېلىش ئەۋج ئالغان، لېكىن 2016-يىلى كەڭ كۆلەمدە قاماپ قويۇش باشلانغاندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىتى ئوتتۇرىغا چىققان. چەتئەلگە چىققان، ياكى تۇغقانلىرى چەتئەلگە چىققان ۋە ياكى چەتئەلدىكى تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلاشقانلار تۇنجى بولۇپ جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەن. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر دىنىي خادىملىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۆزلىرىگە ھەرىكەت ئەركىنلىكى بېرىلگەن رادىكال سەلەفى تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن سۇرىيىگە بارغان ئۇيغۇرلار خېلى كۆپ ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكىلىق كونترول سىستېمىسى ۋە فىزىكىلىق چەكلىمىسىگە قارىماي، رادىكال سەلەفىي تەشۋىقاتچىلىرى بىلەن ئۇرۇش رايونىغا ئەۋەتىلگەن ئۇيغۇرلار چېگرادىن ئاسانلا ئۆتۈپ سۇرىيەگە بارالىغان ئىدى.

قەشقەر شەھىرىدىن كەلگەن، نۇرغۇن تۇغقانلىرى جازا لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان پىروفېسسور. دوكتور. ئابدۇررەشىد قارلۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن چۈشىنىدىغانلىقىنى، ئەرەب باھارى مەزگىلىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈنسېرى ئاشقان باستۇرۇش سىياستى رادىكال سەلەفىيلەرنى نىشان قىلماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. پىروفېسسور. دوكتور. ئابدۇررەشىد قارلۇق: «ئەمەلىيەتتە، بىز بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىككى قېتىم باشتىن كەچۈردۇق، ۋە ھازىرمۇ باشتىن كەچۈرۈۋاتىمىز. بىرىنچىسى، 80-يىللاردا خىتايدا تارقالغان «ياخشى ئۇيغۇر» ئوبرازىنى ھاكىمىيەت ئۈچۈن خەتەرلىك دەپ قارىغان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ، 90-يىللىرى ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلارنى جىنايى قىلمىشلارغا باغلاپ چەتكە قاقتى. ئۇيغۇر رايونىدىكى باللار سىستېمىلىق ھالدا تۇتقۇن قىلىنىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قارا جەمئىيەتلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازى خىتاي

[37] Abdullah Al_Ghadhawi. (2020). Uighur Jihadists in Syria. Newlines Institute for Strategy and Politics. 18 Mart 2020.

www.uyghurkitap.com

ئامىمىسىدا سەلبىي تەرەپكە يۈتكەلدى. ئىككىنچى قېتىملىقى 2010ـ يىللاردا باشلاندى. ئەرەب باھارى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا شەرقتىكى رادىكال تەشكىلاتلار دىققەت تارتىشقا باشلىدى. بۇ مەسىلىدە، خىتاي غەرب دۇنياسىنىڭ سەزگۈرلۈكىدىن پايدىلانماقچى بولدى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئاددىي ئىبادەتلىرىنى قىلىشتا قىينىلىۋاتقان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نەپەس ئېلىشىمۇ كونترول قىلىنىدىغان رايوندا، ناھايىتى ئاز ساندىكى رادىكال تەشۋىقاتچىلارغا يول قويۇلدى. ئۇلارغا ئاڭلىق ھالدا چېقىلمىغانسېرى، ئۇلار تەسىر كۈچى ۋە سانىنى ئاشۇرۇپ، بۇ رايوندىن مىڭلىغان ئالدانغان كىشىلەرنى ئوتتۇرا شەرققە ھېچ قىينالماستىن ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ خىتاي چېگراسىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتەلىشى، ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ چېگرادىن ئۆتۈشى ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئىدى. ئۇرۇش رايونىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىنلىرى كەلگەنسېرى، خىتاي ھۆكۈمىتى غەرب دۆلەتلىرىگە «قاراڭلار، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئوخشاش» دەپ ئۇيغۇرلارغا بولغان بېسىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. خىتاي كومپارتىيەسى يات رادىكال دىنىي چۈشەنچىنىڭ بۇ رايوندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە بۇ رايوندا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇپ، مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇش رايونىغا بېرىشىغا يول ئاچتى. ئاندىن، ئۇ مىڭلىغان ئۇيغۇرنى باھانە قىلىپ، مىليونلىغان ئۇيغۇرنى جازا لاگېرلىرىغا سولىدى. خىتايغا ئەگەشكەنلەر كېچىكىپ بولسىمۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، ئەمما بۇ جەرياندا خىتاي ھۆكۈمىتى ئالLIبۇرۇن مەقسىتىگە يەتتى» دەپ بۇ جەرياننى قىسقىچە خۇلاسىلىدى.[38]

## 3.2. «مىللىي بۆلگۈنچىلىك» كە قارشى تۇرۇش

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جازا لاگېرلىرىنى مەقسەت قىلغان يەنە بىر سۆزىدىن ـ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي پۇقرالىقى ئېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەشەببۇسىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بۇلتۇرقى نۇتقىدا جازا لاگېرلىرى تورىنى ئاقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، لاگېرلاردا بېرىلگەن ئاتالمىش تەربىيەنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ كىرىمى، خۇشاللىقى ۋە بەختەرلىك تۇيغۇسىنىڭ ئاشقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە نۇتقىدا لاگېرلارنىڭ خىتاينىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى كېرەكلىكىنى، بۇ سىياسەتنىڭ، ئۇيغۇر رايونىدىكى بارلىق خەلققە، خىتاي مىللىتىنى توغرا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تەربىيەلەش لازىملىقىنى ۋە بارلىق مىللەتلەرگە ئۆز دۆلىتى، تارىخى ۋە مىللەت تەركىبى ھەققىدە توغرا كۆز قاراش تەمىنلەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.[39] بىزنىڭ زىيارىتىمىز ۋە ھازىرغىچە مەتبۇئاتلاردا ئاشكارىلانغان رەسمىي ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، جازا لاگېرلىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدىن باشقا، يۇرگۈزۈلۈۋاتقان مەجبۇرىي مائارىپنىڭ مەقسىتى خىتاي تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىتىش ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى خىتاينىڭ ئورتاق تىلى قىلىپ بېكىتىلگەن ماندارىن خىتايچە قىلىپ ئۆزگەرتىش، دىنىي پائالىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خىتاي

---

[38] پېروفېسور ئابدۇرېشىت جېلىل قارلۇق بىلەن 2021ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 26ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

[39] ABC News. (2020). Chinese President Xi Jinping defends Xinjiang detention network, claiming 'happiness' is on the rise. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە سادىق بولۇش ۋە ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل سىياسەتنىڭ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ئېيتقاندەك، پايدا، خۇشاللىق ۋە بەختەرلىك تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىشى ئاقىلانىلىك ئەمەس.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى ئاتالمىش مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويغان سىياسەتلىرىنى ۋە بۇ سىياسەتلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەكس تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، تېد گۇرنىڭ «كىشىلەر نېمىشقا قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ؟»ناملىق ئەسىرىنى بىر ئوقۇپ بېقىش لازىم، ئۇنىڭ كىتابىدا مىللىي سىياسەت ۋە توقۇنۇش تىلغا ئېلىنغان.[40] بۇ خىل قاراشقا ئاساسەن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان كەمسىتىش سىياستى نەتىجىسىدە، ئوخشاش بىر جەمئىيەتتىكى بىر گۇرۇپپا ئۆزلىرىنىڭ باشقا گۇرۇپپىلار ياكى گۇرۇپپىلارغا سېلىشتۇرغاندا ئارقىدا قالغانلىقىنى ياكى باشقا گۇرۇپپىلار ئېرىشەلەيدىغان پۇرسەتتىن بىر قەدەر مەھرۇم قالغانلىقىنى ھېس قىلسا، بۇ مەھرۇملۇق ئالدىدا ھېس قىلىنغان ئۈمىدسىزلىك ھەم باشقا گۇرۇپپىلارغا بولغان ئاچچىقلىنىشنى ۋە دۈشمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ يەنە تاجاۋۇزچىلىق ۋە ھوقۇققا قارشى زوراۋانلىققا ئايلىنىشى مۇمكىن. شۇنداقلا بۇ ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى مىللىي زىددىيەتنىڭ كۈچىيىشى ۋە توقۇنۇشقا ئايلىنىشىغا يول ئاچىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يۈرگۈزگەن مىللىي سىياستى، بولۇپمۇ 2000-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان «غەربنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياستى» نامىدا ئېلىپ بېرىلغان مىللىي سىياسەت، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا خىتايلارنىڭ كۆپلەپ ئولتۇراقلىشىشىغا ئىلھام بېرىش ئارقىلىق، بۇ رايوندىكى مىللىي زىددىيەتنى كۈچەيتكەنلىكىنى بايقىدۇق. دۆلەتنىڭ بۇ سىياستى دائىرىسىدە، ئۆي ۋە ئېتىزلىرى مەجبۇري سېتىۋېلىنغان ئۇيغۇرلار، بۇ جايلارغا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خىتايلارنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئېيتتى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا خىتايلارنى كۆپلەپ ئورۇنلاشتۇرۇش سىياستىنىڭ نەتىجىسىدە، بۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەن خىتايلارغا ئۆي، قوشۇمچە مائاش، يىللىق قوشۇمچە كىرىم ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياخشى ئورۇنلاردا يېڭى خىزمەت تەمىنلەندى. بۇ رايوندا ياشاشقا باشلىغان خىتايلار ئىچكىرى ئۆلكىدە ئېرىشەلمەيدىغان ئىقتىسادىي پۇرسەتكە ئېرىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىكى پۇرسەتلىرىنى تارتىۋېلىشقا باشلىدى. ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپى بىلەن بىرلىكتە باھالىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئايرىم ئېچىلغان 10%لىك خىزمەت ئورنىغا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. بۇ رايوندا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى خىزمەتتىن بوشىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن خىتايلار قوبۇل قىلىنغان. كۆچمەنلەر سىياستى بىلەن تەڭ ئىنتايىن قاتتىق چەكلىمىلەرمۇ يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، مەدەنىيەت مۇراسىمى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بولغان چەكلىمىلەر كۆپەيدى. بىز زىيارەت قىلغان ئامېرىكىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر زىيالىيسى تاھىر ھامۇتنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كىتاب ۋە كىنو قاتارلىق ماتېرىياللىرى تەكشۈرۈلۈپ، ئاپتورلارغا دۆلەتنى پارچىلاش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قوغداش دېگەندەك جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلىدى . بولۇپمۇ

[40] Ted Robert Gurr. (1970). Why Men Rebel (Princeton, NJ: Princeton University Press, 1970).

www.uyghurkitap.com

2016-يىلىدىن كېيىن مىللىي سىياسەتنىڭ قاتتىقلىششى نەتىجىسىدە، تۈركىيەنىڭ ئېلانلىرى ۋە تۈركىيە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشمۇ چەكلەنگەنلىكىنى بايان قىلدى.[41]

بۇ ۋەقەلەرگە قاراپ بىز تۆۋەندىكىدەك يەكۈنگە كەلدۇق: ئۇيغۇرلار، سانى كۈندىن كۈنگە ئېشىۋاتقان خىتايلار بىلەن دۆلەت تەمىنلىگەن ئىمتىيازلىرى ۋە ئۆزلىرى ئۇچرىغان ئادالەتسىزلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، مەھرۇملۇق تۇيغۇسىدا بولۇشى ناھايىتى نورمال. بۇ خىل ھېسسىيات ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەتنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، يەنە مەھرۇملۇق ھېسسىياتى ياشىغان كىشىلەر ھەل قىلىش چارىسىنىڭ زوراۋانلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلايدۇ. شۇڭا خىتاي ھۆكۈمىتى تېررورلۇق ياكى دىنىي ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرمىغاندەك، مىللىي بۆلگۈنچىلىككىمۇ قارشى تۇرمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسى ۋە زوراۋانلىق قىلىشىغا ئاساس سېلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇچرىغان زۇلۇمىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ نەزىرىدە قانۇنلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## 3.3. يەرشارى زومىگەرلىكى

تېز سۈرئەتتە ئېشىۋاتقان ئىقتىساد ۋە تېخنىكا ماگناتى خىتاينىڭ، ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بېسىمىنى كۈنسېرى كۈچەيتكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان مۇھىم سەۋەبى بار: بىر بەلباغ بىر يول يەنى يېڭى يىپەك يولى تۈرى. 2013-يىلى شى جىنپىڭ تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ۋە تارىختىن بۇيان لايىھەلەنگەن ئەڭ ئۇلۇغۋار ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرىنىڭ بىرى دەپ تەسۋىرلەنگەن بىر بەلباغ بىر يول تۈرى بولۇپ،[42] ئۇ تۈر دائىرىسىدىكى بارلىق دۆلەتلەرنى جۇغراپىيە، ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتىن تۇتاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ «يىپەك يولى ئىقتىسادىي بەلباغ» دەپ ئاتىلىدىغان ۋە چوڭ قۇرۇلۇقتا تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان قىسمىدا 6 ئاساسلىق ئىقتىسادىي كارىدور بار: (1) يېڭى ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇق كارىدورى، (2) خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا-غەربىي ئاسىيا كارىدورى، (3) خىتاي-پاكىستان كارىدورى، (4) بېنگال-خىتاي-بېرما كارىدورى، (5) خىتاي-موڭغۇلىيە-رۇسىيە كارىدور، (6) خىتاي-ھىندونېزىيە يېرىم ئارىلى كارىدورى. قۇرۇلۇشنىڭ دېڭىزدا ئېلىپ بېرىلىش نىشان قىلىنغان تۈرى «21-ئەسىر دېڭىز يىپەك يولى» قىسمى بولسا، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى، مالاككا بوغۇزى، ھىندى ئوكيان، بېنگال قولتۇقى، ئەرەب دېڭىزى ۋە پارس قولتۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساستا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ھىندونېزىيە، ھىندىستان، ئەرەب يېرىم ئارىلى، سومالى، مىسىر ۋە ئوتتۇرا دېڭىز ئارقىلىق ياۋروپاغا تۇتىششنى مەقسەت قىلىدۇ.[43] بۇ كارىدوردىكى رايونلارنى يول، كۆۋرۈك، پورت، تۆمۈر يول، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز لېنىيىسى قاتارلىق رايونلار ئارىسىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرەلەيدىغان ھەر خىل فىزىكىلىق ۋە رەقەملىك ۋاسىتىلەر بىلەن بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى 2050-يىلدىن بۇرۇن تاماملاشنى پىلانلىغان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تەننەرخى 4 تىرىليون 8 مىليارد 800 مىليون دوللار ئەتراپىدا.[44]

[41] تاھىر ھامۇت بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈندىكى سۆھبەت.

[42] Andrew Chatzky and James McBride. (2020). “China’s Massive  and Road Initiative,” Council on Foreign Relations. 28 Ocak 2020. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[43] BRI. Belt and Road Initiative. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[44] BRI. Belt and Road Initiative. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.



بىر بەلباغ بىر يول پىلانىنىڭ دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىكى تۈگۈن نۇقتىلىرى

يۇقىرىدىكى تۆر ھەققىدە بەرگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، بۇ تورنىڭ ئەمەلىيلىشىشى بىلەن دۇنيا مىقياسىدا بارلىققا كېلىدىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەتتا ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانچىلىك چوڭ بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش تەس ئەمەس. دۇنيانىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى ئورايدىغان بۇ تورنىڭ، خەلقئارا سىستېمىدا كەسكىن رىقابەتلىشىدىغان ئامېرىكىغا قارشى خىتاينى يەرشارىنىڭ زومىگەرلىك نىشانىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقى مۆلچەرلىنىۋاتىدۇ. بۇ تورنىڭ ئىقتىسادىي تەرىپى كۆپرەك تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ شۇ دۆلەتلەردىكى ھەربىي مەۋجۇتلۇقى ۋە سىياسىي تەسىرىنى ئاشۇرۇشى كۈچلۈك قارشىلىققا سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى ئوباما دەۋرىدە دائىم تىلغا ئېلىنغان «ئاسىياغا قايتىش» سىياسىتىنى يوقىتالايدۇ.

گەرچە بىر بەلباغ بىر يول تەشەببۇسى خىتاينىڭ يەر شارى زومىگەرلىكىنى قولغا ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلىغان يېڭى تەشەببۇس دەپ قارالسىمۇ، ئەمما خىتاي ئۆزۈندىن بۇيان ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە بۇ تورنىڭ كىچىك تىپلىرىنى سىناق قىلىپ كەلدى. مەسىلەن، بۇ يىل مارتتا ئىران بىلەن كۆرۈشكەن خىتاي ھۆكۈمىتى 25 يىللىق ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئۇلار «ئۇنىۋېرسال ئىستراتېگىيەلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى» دەپ ئاتايدىغان بۇ كېلىشىم ئارقىلىق، ئىككى دۆلەت تېلېگرافتىن ئېنېرگىيە ئالماشتۇرۇشقىچە، ساغلاملىقتىن مۇداپىئە ھەمكارلىقىغىچە بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەر توغرىسىدا 25 يىل ھەمكارلىشىدۇ ۋە سۆھبەتلىشىدۇ. كېلىشىم دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلماقچى بولغان يەنە بىر تەرەققىيات بولسا، كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولغان مۇددەت ئىچىدە، خىتاينىڭ 5000 ئەسكەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىران زىمىنىدا تۇرغۇزۇشى.[45] خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق» نى مەقسەت قىلىپ ئىمزالانغان 25 يىللىق كېلىشىم بىلەن خىتاي ھەربىي مەۋجۇتلۇقى ۋە تەسىرىنى ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىغا قويغان بولىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدىغان ئافغانىستاندىكى ئافغان ئەسكەرلىرىنى تەربىيەلەۋاتقان خىتاي، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا قوشنا بولغان بەدەخشان ئۆلكىسىدە ھەربىي بازا قۇرۇشقا كېتىدىغان بارلىق چىقىملارنى تۆلەشكە ۋەدە بەردى.[46] ئىراندا ئەسكەر تۇرغۇزۇش ھوقۇقى بىلەن بىللە رايوندىكى ھەربىي پائالىيىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتتى.

بىر بەلباغ بىر يول تەشەببۇسىنىڭ خىتاي ئارقىلىق دۇنياغا ئېچىلىدىغان دەرۋازىسىنىڭ جۇغراپىيەلىك جەھەتتە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقانلىقى، خىتاينىڭ بۇ رايوندا كەسكىن ھالدا خىتايلاشتۇرۇش سىياستى يۈرگۈزۈشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. خىتاي ھۆكۈمىتى تارىختىكى ئەڭ چوڭ مەبلەغ سېلىش تۈرىنىڭ بىرى بولغان «بىر بەلباغ بىر يول» تەشەببۇسى بىلەن نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئۆز تەسىر دائىرىسى ئاستىغا ئېلىپ، ھەمدە شۇ ئارقىلىق يەر شارى زومىگەرلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ دۇنياغا ئېچىلىدىغان بۇ رايوندا «كېسەل»، «خەتەرلىك» ۋە «يوشۇرۇن تېررور» سۈپىتىدە قارايدىغان، مىللىي، دىنىي ۋە مەدەنىيەت پەرقى سەۋەبىدىن نورمال پۇقرا تىزىملىكىگە چۈشمەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن بىئارام بولىدۇ. بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان جىنايى ئەيىبلەش، خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش ۋە جازا لاگېرلىرىغا مەجبۇرىي سولاپ قويۇش سىياستىمۇ «بىر بەلباغ بىر يول» تەشەببۇسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي زومىگەرلىكىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا، «خىتايلار» نىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەمدە بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا قارىتا مۇقىملاشتۇرۇش ۋە خىتايلاشتۇرۇش سىياستىنى داۋاملىق يولغا قويۇۋاتىدۇ.

مەيلى سىياسىي ئىقتىسادتا بولسۇن ياكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە بولسۇن، نۇرغۇن تەتقىقاتلار دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە قوغداش ياكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن تىنچ ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن، كىشىلىك ھوقۇق ۋە قانۇننى يولغا قويۇشتىكى تىرىشچانلىقنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر قايسى تەرەپلەردىن كەڭ جۇغراپىيەلىك رايون بىلەن ئالاقىلىشىشنى مەقسەت قىلىپ بەلباغ ۋە يول ياساۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۈچ رەزىل كۈچ دەپ ئاتىغان تېررورلۇق، دىنىي ئاشقۇنلۇق ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش جەريانىدا ئەكس تەسىر بەرگەن سىياسەتلىرى، شۇنداقلا يەر شارى زومىگەرى بولۇش نىشانىغا ئاساسەن يولغا قويغان باستۇرۇش سىياسەتلىرى، ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ بۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا چەكلىمە بولىدۇ.

---

[45] Iran International. (2021). Iranians Weary Of Secrecy Around Pact With China, Officials Remain Silent. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[46] Catherine Putz. (2018). Why Would China Help Build an Afghan Military Base in Badakhshan? The Diplomat. 5 Ocak 2018. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

## 4. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاساسىي ئەركىنلىك

### 4.1. ئۇيغۇر تۈركچىسىدە مائارىپ مەسىلىسى

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەدىمكى خەلقى ئۇيغۇرلار، 11-ئەسىردە ئەڭ قەدىمكى لۇغەتنى تۈزگەن مەشھۇر ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تۈركچىسىدە سۆزلىشىدۇ. ئەتراپتىكى باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار شەھەر ھاياتىغا بالدۇر ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يازغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى باشقا تۈققان مىللەتلەرنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ. تۈركىستاننىڭ كەڭ جۇغراپىيەسىدە ئەڭ كۆپ ئالىم ۋە سەنئەتكار يېتىشكەن رايونلارنىڭ بىرى.

1949-يىلدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان بېسىمى ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىغا بولغان بېسىممۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ قاتتىق ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك بېسىم 90-يىللارنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان ۋە بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدۇر.

بۇ سىستېمىلىق بېسىملار توغرىسىدا، بىز زىيارەت قىلغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بىرى ھازىر ئەنگىلىيەدە ياشاۋاتقان ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئېنژىنېر ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇرچە دەرس ئالاتتى، پەقەت تەيیارلىقتا خىتايچە دەرسلىك بار ئىدى. 1990-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇر تىلى ئۇنىۋېرسىتېت مائارىپىدىن چىقىرىۋېتىلدى. 2000-يىللاردا باشلانغۇچ مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىلدى، 2010-يىلدىن باشلاپ مائارىپتىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىلدى. قوش تىل مائارىپىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئۇيغۇر تىلىنى مائارىپتىن چىقىرىۋېتىش ئىدى».[47] مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدەبىياتچىسى ۋە شائىرى تاھىر ھامۇت مۇنداق دېدى: «1976-يىلدىن 1990-يىلغىچە، ئۇيغۇر تىلى مائارىپتا ئاساسلىق تىل سۈپىتىدە قوللىنىلدى، ھەتتا ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تەبىئىي پەنلەرمۇ ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈلەتتى. 90-يىللاردىن كېيىن، قوش تىل مائارىپى سىياسىتى بارلىققا كەلدى. قوش تىللىق مائارىپ سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تەبىئىي پەن خىتايچە ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش تىلى ئاستا-ئاستا خەنزۇچىغا ئۆتۈشكە باشلىدى. قوش تىل مائارىپى ئىلھام توختىنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى ئىدى. ئىلھام توختى قوش تىل مائارىپىنى تەشەببۇس قىلاتتى، ئەمما ھەم خىتايچە ھەم ئۇيغۇرچىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ھۆكۈمەت بولسا خىتايچە ۋە ئىنگلىز تىلىغا يۈزلىنىپ، ئۇيغۇرچىنى سىقىپ چىقاردى. بۇ قوش تىل مائارىپى سىياسىتى بىر يىل ياكى ئىككى يىل ئەمەس، ئۇزۇن مۇددەت پىلانلانغان سىياسەت ئىدى. ئۇيغۇر تىلى ئاخىرى مائارىپتىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىلدى»[48] دەپ يۈز بەرگەن ئىشلارنى خۇلاسىلىدى.

---

[47] ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 31-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[48] تاھىر ھامۇت بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى سۆھبەت.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاپتونومىيىلىك قۇرۇلمىسى سەۋەبىدىن، نۇرغۇن ساھەدە ئۆزىنىڭ رەسمىي سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇش ئەركىنلىكى بار. ئانا تىل مائارىپى ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى. ئۇيغۇر ئاكادېمىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر پائالىيەتچى ئىلھام توختىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى ئىدىيولوگىيەلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دۆلەتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتى دەپ قارالغان ئاساسىي قانۇننى داۋاملىق نەزەردىن ساقىت قىلدى. ھەتتا خىتاي زىيالىيلىرى پات-پات ئىلمىي ماقالىلەر ئارقىلىق بۇنىڭغا بولغان قارشىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. 2004-يىلى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق پروفېسسورى مارۇڭنىڭ «مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى يېڭىچە تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنى سىياسىيلاشتۇرۇشتىن باشلىنىدۇ» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇسلۇبىدىكى ئاپتونومىيە سىستېمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بارلىق مىللەتلەرنى ئوخشاش بىر مەدەنىيەت ئىچىدە ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.[49]

گوللاندىيەدە ياشايدىغان ئۇيغۇر خىمىك ئابدۇرېھىم غېنى ئۆزى ئىلگىرى ئىشلىگەن ئىدارە ھەققىدە مۇنداق دېدى: «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتالمىش غەربنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىگە ئاساسەن رايونىمىزغا كۆپلىگەن خىتايلار كەلگەن ئىدى. پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پەقەت مەن ئىشلەيدىغان بۆلۈمىگىلا 20 خىتاي ئوقۇتقۇچى ئورۇنلاشتۇردى. مەن شۇ چاغدىلا «بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا 20 ئوقۇتقۇچى ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، پۈتۈن ئۇيغۇر رايونىغا قانچىلىك ئورۇنلاشتۇرغاندۇ؟» دېگەن ئىدىم. ئاندىن تەبىئىي پەن دەرسلىرىنىڭ تىلى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىندى. بىر ئاي ئىچىدە بارلىق دەرسلەر خىتايچىغا ئۆزگەرتىلدى. خىتايچە بىلمەيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرى ئىشسىز قالدى. ئىشسىز قالغان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرى مەكتەپلەردە بىخەتەرلىك خادىمى قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپلەردە تازىلىق قىلىشتىن تارتىپ، ئوقۇغۇچىلار ياتىقىغىچە نۇرغۇن جايلاردا ئىشلىتىلگەن ئىدى. يېشى چوڭراق پىشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار مەجبۇرى پېنسىيەگە چىقىرىۋېتىلدى، ئۇلارنىڭ ئورنىغا خىتايلارنى ئورۇنلاشتۇردى».[50] رابىگۈل ھاجىمۇھەممەد مۇنداق دېدى: «مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىم، دەرسلەرنىڭ تىلى تۇيۇقسىز خىتايچىغا ئۆزگەرتىلگەندە، بەزى ئوقۇتقۇۋىلىرىم مۇنبەردىن ئايرىلدى ۋە ئۇلارغا باشقا ۋەزىپىلەر بېرىلدى. بەزى ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ھەتتا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ئامانلىق ساقلىغۇچىغا ئايلاندى».[51] ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى زىيالىيلارنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئىناۋىتىنى ۋە ئېتىبارىنى يوق قىلىش، ئۇزۇندىن بېرى پىلانلانغان دۆلەت سىياسىتى ئىكەنلىكىنى بۇ مىساللاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

---

[49] İlham Tohti. (2015). Hapisteki Lider İlham Tohti Yolum ve Gayem: Uygur Türkleri ve Çin Meselesi. Şira Yayınları. Eylül 2015. Derleyen Hamit Göktürk. sf. 85.

[50] ئابدۇرېھىم غېنى بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[51] رابىگۈل ھاجىمۇھەممەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۆھبەت.

## 4.2 ئېتقاد ئەركىنلىكى

ئۇيغۇر جەمئىيىتى باشقا نۇرغۇن ساھەلەرگە ئوخشاش، دىنىي ئەركىنلىك ساھەسىدىمۇ توختىماي بېسىمغا دۇچ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار بەلكىم خىتايدىكى ئېتنىك گۇرۇپپىلار ئارىسىدا مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي كۆرسەتكۈچ جەھەتتە ئەڭ پەرقلىق قۇرۇلما بولۇشى مۇمكىن. بۇ پەرقنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى. بۇ تەسىر، رايون خەلقىنىڭ ئاغزاكى ۋە يازما مەدەنىيىتىدىن بىناكارلىق سەنئىتىگىچە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇيغۇرلارنىڭ رازىلىقىنى ئالماي ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل مەجبۇرىي ئۆزگەرتىش ۋە ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى ئەسلىدە شۇ يەردىكى خەلقنىڭ دىنىي قىممەت قارىشىغا قىلىنغان ھۇجۇم. قەشقەردە ياشاپ باققان شەھىدە ئەلىنىڭ شۇ يەردىكى بىناكارلىق ئۆلچىمى ھەققىدە ئېيتقانلىرى ھەققەتەن ئويغا سالىدۇ: «بىز ئۇ يەردە شەھەر مەركىزىدە تۇراتتۇق. مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، رېمونت قىلىشنى باھانە قىلىپ ئۇ يەردىكى كونا ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. ئاندىن مەسچىتلەرنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. مەھمۇت قەشقەرى مۇددەرىسلىك قىلغان، 11-ئەسىردىن قالغان تارىخى مەسچىتكىمۇ ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر نەرسە قىلدى. 2018-يىلدىن كېيىن، مەن خەۋەرلەردە قەبرىستانلىق ۋە مەسچىتلەرنى قانداق ئۆزگەرتكەنلىكىنى، مەسچىتلەرنى كۆڭۈل ئېچىش ئورنىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى كۆردۈم».[52] لاگېرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئابدۇخەبەر رەجەپ: «خوتەننىڭ شەھەر مەركىزىدە 20 چوڭ مەسچىت بار ئىدى. 2017-يىلى بىز پەقەت ئىككى مەسچىتنىڭلا قالغانلىقىنى، قالغان ھەممىسىنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. بۇ 300-400 يىللىق تارىخقا ئىگە مەسچىتلەرمۇ بار ئىدى. تارىخىي قىزىقبازار مەسچىتىنىمۇ چېقىۋېتىپتۇ»[53] دېدى. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە مەسچىتلەردىن باشقا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم بولغان قەبرىستانلىقلاردىمۇ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بايان قىلدى: «گوگىل خەرىتىلىرىدە دادامنىڭ قەبرىسىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ قەبرە بىزنىڭ شەھىرىمىز غۇلجىدا ئىدى. مەن 2017-يىلى يۇرتىمغا بارغىنىمدا قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلغان ئىدىم، ئۇ چاغدا جايىدا ئىدى. فرانسىيە رېيتېر ئاگېنتلىقى بۇ ئىشنى خەۋەر قىلىپ ئىشلىدى ۋە مېنىڭ تۇغۇلغان يۇرتۇمغا باردى. ئۇلارنىڭ كۆرگىنى: خىتاي ھۆكۈمىتى بېتون بىلەن يېڭى قەبرىستانلىق سېپتۇ، ئەمما كونا قەبرىلەر يوق بوپتۇ».[54]

---

[52] شەھىدە ئەلى بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[53] ئابدۇخەۋەر رېجەپ بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[54] ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 31-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئان ۋە ئىسلامنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە ئاساسەن، بۇ رايوننىڭ يەرلىك دىنىي مىراسلىرىدا ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن نۇرغۇن ئىنچىكە نۇقتىلار بار. مەسىلەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادىتى، ھېيت ئايەم پائالىيەتلىرى، ياخشىلىق

قىلىش ئۇسۇللىرى، كىيىم ـ كېچەك شەكلى قاتارلىقلار تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۆزگەرمەس مەدەنىيەت بايلىقىغا ئايلىنىپ، ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭمۇ تۇرمۇش ئادىتىگە سىڭىپ كەتكەن. بۇ رايوننىڭ قەدىمقى خەلقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە، بولۇپمۇ جەنۇب تەرەپلەردە، بۇ خىل نۇقتىلار تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىسىنى تاپقان. لېكىن تەبىئىي ھالەتتە ئەكس ئەتكەن بۇ نۇقتىلار خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رادىكاللىق، بۆلگۈنچىلىك ۋە تېرورلۇققا مايىل دەپ ئەيىپلەنگەن. نورمال بىر دىنىي ئادەت ۋە مايىللىق تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلار، جىنايەت ئۆتكۈزدى دەپ قارىلىپ جازالانغان.

ئەلفىرە مۇھەممەد: «مەن سىرتتا ياغلىق ئارتقانلىقىم ئۈچۈن، ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىدىم. شۇڭا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سىرتقا كۆپ چىقمايتتىم. دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە باشلىغان ۋاقتىمدا، دىنىي كىتابلارنى قورسىقىمىزغا يوشۇرۇپ ماڭاتتۇق، ئۇستازىمىزنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئايىغىمىزنى يوشۇرۇپ قوياتتۇق».[55] ياغلىق ئارتقانلىقى ئۈچۈن بېسىمغا دۇچ كەلگەن شەھىدە ئەلى: «بىر قېتىم سىرتقا چىققان چاغدا، مەكتىپىمىزدىكى بىر خىتاي ئوقۇتقۇچى مېنىڭ ياغلىق چىگكەنلىكىمنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە مەكتەپ باشقارمىسىغا خەۋەر قىپتۇ. كېيىن ئۇلار ماڭا «مەن ئەمدى دىنغا ئىشەنمەيمەن، ياغلىق چىگمەيمەن» دېگەن ھۆججەتكە ئىمزا قويدۇردى» دېدى.[56]

لاگېر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇر ئابدۇخەبەر رەجەپ، دىنىي ئادەت ۋە مۇراسىملارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە تېرورلۇق دەپ قارالغانلىقىغا شاھىت بوپتۇ: «70 ماددىلىق بىر تىزىملىك بار. تىزىملىكتىكى ماددىلاردا كۆپىنچە دىنىي مۇراسىملار تىلغا ئېلىنغان. بۇ مۇراسىملارنى ئىجرا قىلغانلىق تېرورلۇق، ئاشقۇنلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىك ھېسابلىنىدۇ. ھىجابلىنىش، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىش، ساقال قويۇش، قىسقا ئىشتان كىيىش، سائەتنى ئوڭ قولىغا تاقاشمۇ دىنىي ئاشقۇنلۇق، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ياكى تېرورلۇقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر بىرەيلەننىڭ قول سائىتى ئوڭ قولىدا بولسا ۋە ئۇ كىشى ئۇيغۇر بولسا، ئۇلارنىڭ بارار جايى لاگېر بولىدۇ».[57]

كورلىلىق ئابدۇراخمان سۇتۇق مۇنداق دېدى: «مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىرىمىز روزى تۇتقان ياكى تۇتمىغانلىقىمىزنى سورايتتى. بۇرۇنلاردا تۇتمىدۇق دېسەك قايتا سورىمايتتى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا كەمپۇت تارقىتىش ۋە سۇ تارقىتىشقا باشلىدى. بىز روزا تۇتمىغانلىقىمىزنى ئېيتقىنىمىزدا، ئۇلار كەمپۇت يېيىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتاتتى، كەمپۇتنى يېمىگەنلىكىمىزدىن، ئۇلار بىزنىڭ روزا تۇتقانلىقىمىزنى بىلىۋالاتتى. رامىزان ئېيىدا چۈشتە ئۆيگە قايتىش مەنئى قىلىندى. ئوقۇغۇچىلارنى روزى تۇتقۇزماسلىق ئۈچۈن، چۈشلۈك تاماقلىرىنى مەكتەپكە ئەكىلىشكە مەجبۇرلىدى».[58] مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كەچۈرمىشكە ئىگە رابىگۈل: «نورمال چاغلاردا مەكتەپلەردە ھەرگىز يېمەكلىك تارقاتمايتتى، ئەمما رامىزان ئېيىدا ئۇلار ئۇستەلگە يېمەكلىك قويۇپ، ئۇلارنى يېيىشكە زورلايتتى» دېدى.[59]

---

[55] ئەلفىرە نۇرمۇھەممەت بىلەن 2021 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

[56] شەھىدە ئەلى بىلەن 2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

[57] ئابدۇخەۋەر رېجەپ بىلەن 2021 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

[58] ئابدۇراخمان سۇتۇق بىلەن 2021 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

[59] رابىگۈل ھاجىمۇھەممەت بىلەن 2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىرزەھمەت ئىلياسئوغلى: «ئۇلار مەسچىتكە كامېرا ئورناتتى، ئەمما مەقسەت بىخەتەرلىك ئەمەس ئىدى، مەقستى بىزنى كۆزىتىش ئىدى. رايونىمىزدا ئوغرىلىق ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. ئاساسلىق مەقسەت كىم مەسچىتكە كىردى؟ كىم مەسچىتتىن چىقتى؟ شۇنى نازارەت قىلىش. كېيىنچە مەسچىتكە بېرىش ئازىيىشقا باشلىغان ئىدى. مەمۇرلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار نامازغا بارغان بولسا ئۇلار خاتىرىلىنىپ ماڭاتتى. دەسلەپتە مۇشۇنداق قىلىپ كىشىلەرنى بىئارام قىلدى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئەھۋال رەسمىي بولدى» دەيدۇ.[60] لاگېرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئۆمەربېك ئەلى بۇ خاتىرىلەرنىڭ لاگېرلار ئۈچۈن دەلىل-ئىسپات تەييارلاش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. «مەسچىتلەرگە كىرگەندە كىملىك تەكشۈرۈشكە باشلىدى. مەسچىتكە كىرىش ئۈچۈن، كىملىك ئۈسكۈنىدە ئوقۇتۇلىشى كېرەك ئىدى ۋە بۇنىڭ ھەممىسى سىستېمىغا خاتىرىلىنىپ ماڭاتتى. ھازىر ئۇلار ئۇنى جىنايەت دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. 2009-يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، ئۇلار ھەممە مەسچىتكە دېگۈدەك ئۈسكۈنە سەپلىگەن ئىدى».[61]



ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدا ئىلى دەرياسىغا تاشلىۋېتىلگەن قۇرئان كەرىم قازاقىستاننىڭ پانفىلوف ناھىيە
ئايدالاي يېزىسىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن سۈزۈۋېلىندى.
-ئەسلى فوتوگرافقا ئاساسەن سىزىلغان-

[60] مىرزەخمەت ئىلياسئوغلى بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[61] ئۆمەربەك ئەلى بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلەش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت تېخىمۇ تەشكىللىك ھالدا بېسىمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ دىن توغرىسىدا نۇرغۇن تۈزۈملىرى بار بولۇپ، مەمۇرلار مەسچىتكە بارالمايدۇ، سانائەت، مۇلازىمەت كەسپى ۋە كارخانىلاردا ئىشلەيدىغانلار مەسچىتكە بارالمايدۇ. ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئاياللار، بالىلار، 18 ياشتىن تۆۋەنلەر مەسچىتكە بارالمايدۇ، ناماز ئوقۇيالمايدۇ.[62]

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئېتىنىك خىتايغا ئايلاندۇرۇش تۇرىنىڭ ئاساسى، بىر كىشىنى ئۇيغۇر قىلغان نېمە بولسا، شۇنى مەجبۇريي چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنى كومپارتىيىنىڭ ئىدىئولوگىيىسى بىلەن ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلغاندەك قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر كىملىكىدىن ئۈچۈرۈلىدىغان ئىشلارنىڭ بېشىدا ئېتىقاد (ئىسلام)، ئانا تىل (ئۇيغۇر تۈركچىسى) ۋە ئائىلە قۇرۇلمىسى قاتارلىقلار بار. ئۆيلىرىدە قۇرئان ساقلىغانلارنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ۋە مۇسادىرە قىلىنغان مۇقەددەس كىتابلارنىڭ كۆيدۈرۈلگەنلىكى نۇرغۇن گۇۋاھلىقلار بىلەن ئىسپاتلانغان. بۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلار مۇقەددەس كىتابلىرىنى يەرگە كۆمۈپ يوشۇرۇش ۋە قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆيدە ساقلاش خەتەرلىك دەپ قارايدۇ. مەجبۇر قالغانلىقى ئۈچۈن باشقا تاللاشلارنى سىناپ بېقىشقا سەۋەب بولدى. ئۇ يەردىكى بەزى كىشىلەرنىڭ سومكىلارغا ئورالغان ياكى بوتۇلكىلارغا قاچىلانغان مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۇيغۇر رايونىدىن (قازاقىستان چېگراسىغا يېقىن) قازاقىستانغا قاراپ ئاقىدىغان ئىلى دەرياسىغا ئاتقانلىقىنى، خىتاي چېگراسىنىڭ سىرتىدىكى قازاقىستان تۇپراقلىرىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ بۇ قۇرئان ۋە باشقا كىتاپلاردىن قۇتۇلدۇرالايدىغانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ ساقلاپ قالغانلىقىنى بىلىمىز.

[62] İlham Tohti. (2015). Hapisteki Lider İlham Tohti Yolum ve Gayem: Uygur Türkleri ve Çin Meselesi. Şira Yayınları. Eylül 2015. Derleyen Hamit Göktürk. sf:229.

www.uyghurkitap.com

## 4.3. شەخسي هوقۇق ۋە پىكىر ئەركىنلىكى

ئۇيغۇرلار دىنىي چەكلىمىلەر بىلەن بىللە يەنە تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە كەمسىتىش ۋە باراۋەرسىزلىككە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. 2017-يىلى بۇ رايوندا ئىسلامىي ئىسىملارنىڭ چەكلىنىشى، ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئەڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت هوقۇقى دەپسەندىچىلىكىنىڭ بىرى. كورلا شەھىرىدە تۇغۇلغان ۋە بېيجىڭدا تولۇق كۇرس ۋە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان رابىگۈل هاجىمۇھەممەد ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق چۈشەندۇردى: «قويۇلغان ئىسىملار ئۇيغۇرچە ياكى ئىسلامچە بولسا بولالمايدۇ. مۇھەممەد ئىسمى چەكلىنىدۇ، مەھمەت دېسىڭىز بولمايدۇ، ساقچىلار مېنىڭ دىپلومامنىڭ رەسمىنى تەلەپ قىلدى، مەن ئۇلارغا ئەۋەتتىم. ئۇلار ئۇنىڭدىكى ئىسمىمنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى، ئىسمىنى ئۆزگەرتىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى».[63]




قەشقەر ئەتراپىدىكى بىر يېزىدا خىتايچە ئەنئەنىۋىي كىيىملەر كىيدۈرۈلۈپ پائالىيەتكە قاتناشتۇرۇلغان ئۇيغۇر باللار
-ئەسلى فوتوگرافقا ئاساسەن سىزىلغان-

---

[63] رابىگۈل هاجىمۇھەممەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۇيغۇرلار پەقەت ياشاۋاتقان رايوندىلا ئەمەس، خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىمۇ ئايرىلىدۇ، چەتكە قېقىلىدۇ ۋە نازارەت قىلىنىدۇ. رابىگۈل باشتىن ئۆتكۈزگەن داۋاملىق كىملىك تەكشۈرۈشكە قارىتا: «بىز بىر يەرگە بارغاندا، ھەرۋاقىت كىملىك تەكشۈرۈشكە ئۇچرايتتۇق. بىز باشقىلاردىن پەرقلىق ھالدا كونترول قىلىشنى باشتىن كەچۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى. بىز ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگۈچە ساقچىلار بىزنىڭ كەينىمىزدە ئىدى. بەزى ساياھەت نۇقتىلىرىغا خالىغانچە كىرەلمەيتتۇق. مەن شاڭخەيگە بارغىنىمدا، بىر مۇزېيغا كىرمەكچى بولدۇق، ئەمما بىز ئۇيغۇر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلار بىزنى كىرگۈزمىدى» دېدى.[64] رابىگۈل ئۇيغۇرلار ئۇچرىغان ئادالەتسىزلىك ۋە مەھرۇم قالغان ئىشلارغا مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بىز مېھمانخانىلاردا تۇرغان ۋاقتىمىزدا، ساقچىلار بىزنىڭ يۈزىمىزنى سىكاننېرلاپ خاتىرىلىدى، بۇنى پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا قىلىدۇ. بۇ خىل نازارەت قىلىش 2009-يىلدىن كېيىن باشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، باشقا جايلاردىكى دوستلىرىمىز كەلگەندە، ئۇلار بىزگە مېھمانخانىدىن ياتاق بەرمىدى. بىز ياتاق بار-يوقلۇقىنى سورايتتۇق، ئۇلار بار دەيتتى، لېكىن 65[65] بىلەن باشلانغان كىملىكنى كۆرۈپ، ياتاق يوق دەيتتى».[66]

[64] رابىگۈل ھاجىمۇھەممەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[65] ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تۇغۇلغانلارنىڭ كىملىك نومۇرى 65تىن باشلىنىدۇ.

[66] رابىگۈل ھاجىمۇھەممەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۆھبەت.

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇرلارنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقى شەرت بولغان، ۋاز كېچەلمەيدىغان شەخسىي ھەق-ھوقۇقلىرى ئوچۇق ۋە كەسكىن ھۇجۇمغا دۇچ كەلمەكتە. بىز زىيارەت قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇللا رەسۇل شەخسىي ھوقۇقنىڭ قانداق دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقىنى مىسال بىلەن تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «2014 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلار تۇرىدىغان جايلارغا كامېرا ئورنىتىلىشقا باشلىدى. ئۆينىڭ كىرىش ئېغىزى ۋە بىنا كىرىش ئېغىزى قاتارلىق ھەر بىر بىنانىڭ كىرىش ئېغىزىغا كامېرالار قويۇلغان. ئۇ يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كامېرالار vizyon ـ tech تېخنىكىسىغا ئىگە خۇاۋېي كامېراسى ئىدى. كامېرالارنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، كامېرانىڭ بىر پارچىسى ۋە بىر قىسىم قەغەزلەر يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئاپالىم ئۇلارنى ئېلىپ ئوقۇپتۇ، ئىشلىتىش قوللانمىسىغا ئوخشايدىغان نەرسە ئىكەن، ئەگەر بەش سېكۇنت توختاپ قالسا، ساقچىخانىغا مەلۇم قىلالايدىكەن. ئۇ يۈز تونۇش سىستېمىسى بار كامېرا ئىدى. كامېرا تۇرغان كارىدوردىن ھاجەتخانا كۆرۈنىدىغان بىر دېرىزە بار ئىدى. رامىزان ئېيىدا ئىنتايىن قىينالغان ئىدۇق. بىز تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ھاجەتخانىغا كىرگەندە ياكى زوھۇرلۇق يېيىش ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇرغاندا، چىراق نۇرىنى بايقاپ قالمىسۇن دەپ ئىنتايىن ئېھتىيات قىلاتتۇق».[67] بۇ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ساراي، كۇتۇپخانا، دوختۇرخانا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان نۇرغۇن جايلارغا كىرىشى چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئىدى.

شەخسىي ھوقۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان مۈلۈك ھوقۇقى، شەخسلەرگە ئۆزى ئىگە بولغان تاۋارنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئىشلىتىش، پايدىلىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇق بېرىدۇ. ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنغان ئۆمەر پەرۇخ زىيارىتىمىزدە مۇنداق دېدى: «ئاكىلىرىم ھۆرمەتكە سازاۋەر سودىگەرلەر ئىدى. ئۇلار قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ئىدى. ئاكام بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان بىر خىتاي مېنى ئىزدەپ، ئاكىلىرىمنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇ: « ئاكىڭىزغا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەرنى ئېلىپ كەتتى، بايلارنى تۇتتى، مال ـ مۈلۈكلىرىڭلارنى مۇسادىرە قىلدى» دېدى. بىزنىڭ ئۈچ ـ تۆت رېستورانىمىز بار ئىدى، 100 مىليون دوللار ئەتراپىدا مال ـ مۈلۈكلىرىمىز بار ئىدى، بىز كورلا شەھىرىدە تونۇلغان بىر ئائىلە ئىدۇق».[68] خوتەنلىك سۇدىنىسا ئابدۇلىم مۇنداق دېدى: «ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. يولدىشىم خەلقئارا سودا قىلاتتى. 2014 ـ يىلى ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندىكى سودىگەرلەرنى قولغا ئالدى، ئۇلارغا ئائىت ماللارنى مۇسادىرە قىلدى» دەپ ئورتاق بايانىنى دەلىللىدى.[69] قۇززات ئالتاي: «بىزنىڭ ئەڭ ئاۋات جايدا بىنالىرىمىز بار ئىدى، ئۇلار بىزنىڭ بارلىق بىنالىرىمىزنى مۇسادىرە قىلدى. ئۆز ۋاقتىدا دادام مىلياردېر ئىدى، ۋە ماڭا پۇل ئەۋەتىپ تۇراتتى، ھازىر مەن پۇل ئەۋەتىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى» دەيدۇ.[70]

---

[67] ئابدۇللا رەسۇل بىلەن 2021 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.
[68] ئۆمەر فەرۇخ بىلەن 2021 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.
[69] ئۆمەر فەرۇخ بىلەن 2021 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.
[70] قۇززات ئالتاي بىلەن 2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىكىر ئەركىنلىكى، ھەر خىل ئۇچۇر ۋە پىكىرلەرنى چەكلىمىگە ئۇچرىماستىن، ئېغىزچە، يازما ۋە مەتبەئە مەنبەلىرىدىن ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش دەپ قارىلىدۇ. لېكىن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تەنقىدىي پىكىر قىلىش ۋە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان. ئۇيغۇر زىيالىيسى ئابدۇۋەلى ئايۇپ بۇ ئەھۋالنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەيدۇ: «مەن 1992-يىلى بېيجىڭدىكى ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۆتتۇم، ئۇ يەردە بەش يىل تۇردۇم. مەن ئۇ يەردىكى ۋاقتىمدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. ئۇ يەردە تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىك بار ئىدى. مەن جورج ئورۋېلنىڭ 1984 رومانىنى شۇ يەردە ئوقۇدۇم. ئۇ كىتابنىڭ ئىسمىنى شەرقىي تۈركىستاندا تىلغا ئېلىشمۇ ناھايىتى تەس ئىدى، ئەمما ئۇنى بېيجىڭدا ئوقۇش مۇمكىن ئىدى. بىز بېيجىڭدا مۇشۇنداق ئىكەن، ئەمما يۇرتىمىزدا مۇنداقكەن دەيتتۇق، شەرقىي تۈركىستان دېيەلمەيتتۇق، ئىچكىرى ئۆلكىدە ھەتتا تاكسى شوپۇرىمۇ كومپارتىيىنى تەنقىد قىلالايتتى، بۇ يەردە تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىك بار ئىدى. خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە ئەركىنلىك قىسمەن قوغدىلاتتى، بىز خىتاي پۇقراسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئوخشاش قانۇندىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىمىز بار ئىدى. مەن بۇ ئەركىنلىكنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم. بىز ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشىمىز كېرەك دەپ ئويلايتتىم ۋە ئايرىمچىلىق سىياسىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدىم. مەن 18 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن، ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، پىكىر ئەركىنلىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ئەركىن پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم.»[71]

## 5. لاگېرلار

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقتا ئەزەلدىن ئىپادىسى ياخشى بولۇپ باقمىغان. خىتايغا نىسبەتەن سەزگۈر بولغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە تىبەت قاتارلىق جايلاردا، قىسمەن ئەركىن بولغان مەزگىللەردىمۇ، سىياسەت، مەدەنىيەت ۋە ئېتىقاد ساھەسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەر ئۈچۈن ھايات يەنىلا مۈشكۈل ئىدى. 1996-يىلى چەتئەلگە ئوقۇش ئۈچۈن چىققانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇر شائىرى تاھىر ھامۇتنىڭ سوراق جەريانىدا قوۋۇرغىسى سۇنۇپ كەتكەن. ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە بىر يېرىم يىل تۇرغان شائىر ئۆزلىرىنىڭ تاماقسىز ۋە سۇسىز قېلىشىنى ئادەتتىكى ئىشلار دەپ قارايدىغانلىقىنى بايان قىلىدى. تاھىر ھامۇتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر يېرىم يىلدىن كېيىن قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، بىر يېرىم يىل ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا 24 سائەت ئېغىر ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان.[72] مەجبۇرىي ئەمگەك خىتايدا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، شەخسكە ئارتقان جىنايەتنى ئىسپاتلىيالمىغان ۋاقىتتا ئىجرا قىلىندۇ.

2013-يىلى قەشقەردە قولغا ئېلىنغان ۋە 15 ئاي تۈرمىدە ياتقان فىلولوگ ۋە يازغۇچى ئابدۇۋەلى ئايۇپ 6 ئاي سوراق جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «قەشقەردە ئالدى بىلەن سوراق، ئاندىن قىيناش، ئاندىن سوراق، يەنە قىيناش مۇشۇ خىل

[71] قۇززات ئالتاي بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[72] قۇززات ئالتاي بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى سۆھبەت.

شەكىلدە داۋاملاشتى. سوراق ۋە قىيناش تۈگىگەندىن كېيىن، مېنى ئۆرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئۇ يەردىمۇ ئوخشاش ئاۋۋال سوراق ئۆيىدە سوراق ۋە قىيناش داۋاملاشتى، ئاندىن تۈرمىدە مېنى ئىككى يېرىم كۈن ئۇيقۇسىز قويدى. بىر كىچىك كامېردا داۋاملىق سوراق قىلاتتى، ئۇلار سوراق قىلغاندىن كېيىن بىر-ئىككى سائەت يوقاپ كېتەتتى، ئاندىن قايتىپ كېلىپ يۈزىمىزگە سۇ تۆكەتتى ۋە سوراق قايتىدىن باشلىناتتى، ئىككى تەرىپىڭىزدە ساقچى بار، ئالدىڭىزدا ئۈچ سوئال سورايدىغان ساقچىسى بار. يېنىڭىزدىكى ساقچىلار ئەگەر گەپ قىلمىساڭ، ئۇنداق بولىدۇ، مۇنداق بولىدۇ دەپ تەھدىت سالىدۇ. ئۇيقۇ يېتەرلىك بولمىغاچقا كۆزىڭىزنىمۇ ئاچالمايسىز، ئۇلار سىزگە ئاق كىچىك دورا بېرىدۇ، دورىنى ئىچكەندىن كېيىن ئويغىنىسىز، ئەمما بىردەمدىن كېيىن دورىمۇ ئۈنۈمىنى يوقىتىپ يەنە ئۇخلاشقا باشلايسىز. ئۇلار قولتۇقىڭىزغا توك كالتەكنى تەگكۈزىدۇ. ئۇ سىزنى تىترىتىدۇ ۋە يۈرىكىڭىزنى بەك ئاغرىتىدۇ. نەپەس ئالالمايسىز، بەدىنىڭىز جالاق-جالاق تىترەيدۇ. سىزگە يېقىن يەرگە 1000 ۋاتلىق چىراغ ئورنىتىلغان بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك نۇر كۆزىڭىزنى يۇمسىڭىزمۇ كۆزىڭىزنى بىئارام قىلىدۇ. توك كالتەك پەقەت 20 مىنۇتلا توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ توك تولۇقلاش ۋاقتى 1 سائەت، شۇڭا توك قاچىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، توكسىز قىيناش 1 سائەت داۋام قىلىدۇ. بەدەن قىيناشلاردىن ئىششىپ كېتىدۇ. بەدەن ئىششىپ كەتكەندە، ئاغرىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇپ، ئاندىن ئۇۋۇلايسىز ۋە بۇ ئارقىلىق ئاغرىقنى پەسەيتىسىز».[73]

### 5.1. لاگېرلارنىڭ تۈرلىرى

خىتاي ھۆكۈمىتى «قايتا تەربىيىلەش، كەسپىي تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش» دەپ ئاتىۋالغان جازا لاگېرلىرى 5 خىل بولۇپ، 1) ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى، 2) جازا لاگېرلىرى، 3) قۇل ئىشچى مەركەزلىرى، 4) باللار لاگېرلىرى، 5) تۈرمىلەر

بەشكە ئايرىلغان جازا لاگېرلىرى ئوخشىمىغان شارائىتلارغا ئىگە بولۇپ، بارلىق ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى ياكى جازا لاگېرلىرىنىڭ شارائىتلىرى بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

#### 5.1.1. ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بولۇپ، كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش سەۋەبىدىن ئىنتايىن قىستاڭچىلىق، كۆپىنچىسى مەھبۇسلارنى ھازىرقى مەركەزلەرگە سىغدۇرالمىغاچقا، مەكتەپ ياكى زاۋۇتلاردىن ئۆزگەرتىلگەن تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىنىمۇ كەڭ قوللىنىدۇ. بۇ يەر مەھبۇسلارنى تۇنجى قېتىم سوراق قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ قەيەرگە ئەۋەتىلىدىغانلىقى ھەققىدە تۇنجى قارار چىقىرىلىدىغان مەركەز ھېساپلىنىدۇ. بۇ مەركەزلەردە نەچچە ھەپتە ياكى نەچچە ئاي تۇرۇش مۇمكىن. بۇ مەركەزلەردە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ تەشۋىقاتى قىلىنىدۇ. سوراق جەريانىدا قىيىن-قىستاق سەۋەبىدىن، ئۆزىگە ئارتىلغان جىنايەتنى قوبۇل قىلىپ، ئىقرارنامىگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر بولغانلار تۈرمە ياكى قۇل ئىشچى مەركەزلىرىگە ئەۋەتىلىدۇ، ئىقرارنامىگە ئىمزا قويمىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى جازا لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلىدۇ.

---

[73] قۇززات ئالتاي بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى سۆھبەت.




ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپىدا بىر جازا لاگېرى
-ئەسلى فوتوگرافقا ئاساسەن سىزىلغان-

### 5.1.2. جازا لاگېرلىرى

جازا لاگېرلىرىغا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە سادىق بولۇشىدىن گۇمانلانغان، سوراقسىز تارتىلغاندا جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىغان ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرى تەرىپىدىن يەرلىك باشقۇرغۇچىلارغا بېرىلگەن تۇتۇپ تۇرۇش سانىغا يېتىش ئۈچۈن، تىزىملىككە قوشۇلغان كىشىلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئورتاق گۇۋاھلىق سۆزىگە قارىغاندا: كۈنىگە 14ـ15 سائەت تەشۋىقات دەرسى (خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ناخشىلىرىنى يادلاش، كومپارتىيىنىڭ سىنلىرىنى كۆرۈش، خىتايچە ئۆگىنىش، پارتىيەنى ۋە خىتاي رەئىسىنى مەدھىيىلىگەن خىتايچە تېكىستلەرنى قايتا ـ قايتا يېزىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ھەددىدىن زىيادە ئاچ قېلىش، داۋالاش كەمچىل بولۇش، قاتتىق قىيناش ۋە جىنسىي زوراۋانلىق قاتارلىقلار جازا لاگېرلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان تەپسىلىي سۆھبەتلىرىمىز نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بۇ لاگېرلارنىڭ تۇنجى بولۇپ 2014ـ يىلى ئىچىلىشقا باشلىغانلىقىنى، 2015ـ ۋە 2016ـ يىللىرى چوڭ لاگېرلارنىڭ قۇرۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى بىلىپ يەتتۇق. شىزاڭنىڭ سابىق ۋالىيسى 2016ـ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، كەڭ كۆلەملىك تۇتۇش 2016ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان.



خوتەن شەھەر ئەتراپىدىكى بىر جازا لاگېرى
-ئەسلى فوتوگرافقا ئاساسەن سىزىلغان-

### 5.1.3. قۇل ئىشچى مەركەزلىرى

قۇل ئىشچى مەركەزلىرى- ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرى ۋە جازا لاگېرلىرىدىن تاللىنىپ ئەۋەتىلگەن كىشىلەرنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالىدىغان يەر بولۇپ، زاۋۇتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ بىر جاي. شارائىتلىرى مەركەزلەرنىڭكىدىن پەرقلىق بولۇپ، ئوخشاش بىر قۇل ئىشچى لاگېرىدا، شەخسىي باھالاشقا ئاساسەن شارائىتمۇ ئوخشىمايدۇ. ھەر كۈنى ئەڭ ئاز 12 سائەتتىن 14 سائەتكىچە مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىش ۋە ئالاقىنىڭ كەمچىل بولۇشى بارلىق قۇل ئىشچى لاگېرلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. ئادەتتە 14 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغانلار بۇ لاگېرلارغا ئەۋەتىلىدۇ. شەنبە كۈنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە تۇرۇپ، يەكشەنبە كۈنى كەچتە لاگېرغا قايتىدىغانلار بۇ مەركەزلەردىكى ئەڭ «تەلەيلىك» كىشىلەردۇر. بەزى كىشىلەر ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئايدا بىر كۈن تۇرالايدۇ، بەزى قۇل ئىشچىلارنىڭ سىرتقا چىقىش رۇخسىتىمۇ يوق.

### 5.1.4. باللار لاگېرلىرى

باللار لاگېرى-بىرىنچى دەرىجىلىك تۇغقانلىرى كەڭ كۆلەمدە نەزەربەنت قىلىنغان 14 ياشتىن تۆۋەن باللار تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان مەركەزلەردۇر. بىرىنچى دەرىجىلىك تۇققانلىرى سولاقتا بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى خالايدىغان باشقا تۇققانلىرىغىمۇ بەرمەيدۇ. 0-14 ياشقىچە بولغان باللارغا بۇ لاگېرلاردا خىتايچە ۋە قويۇق خىتاي مەدەنىيىتى ئۆگىتىلىدۇ. ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئىسىملارنى خىتايچە ئىسىملارغا ئالماشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئانا تىلدا سۆزلىشى چەكلەنگەن ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغان. تۇغقانلىرى ياكى خىتاي سىرتىدىكى ئاتا-ئانىلىرى باللارنىڭ قەيەردە، قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

### 5.1.5. تۇرمىلەر

تۇرمىلەر- ئەسلىدىنلا بار بولغان، ئەمما 2016-يىلى كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، سىغىمى ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كەتكەن جايلاردۇر. 2016-يىلىدىن كېيىن، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۈچلۈك تەشۋىقات ۋە سىستېمىلىق قىيناش تېخىمۇ كۆپەيدى. ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا قىيناش ئارقىلىق ئىمزالاتقان ئىقرارنامىلەرنىڭ ئىگىلىرى ياكى بۇ ئىقرارنامىگە ئىمزا قويمىغانلىقى ئۈچۈن جازا لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلگەنلەر تۇرمىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. قاماق جازاسى قارارىنى سوت مەھكىمىسى ئەمەس، بەلكى ساقچىلار جازا لاگېرلىرىغا قامالغانلارغا ئۇقتۇرىدۇ. قىرىق بەش ياشتىن تۆۋەنلەرگە بېرىلگەن 15-20 يىللىق قاماق جازاسى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

## 5.2. زامانىۋى دەۋردىكى تۇنجى جازا لاگېرى سىناقلىرى

2014-يىلى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئەڭ كۆپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەر، خوتەن ۋە ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلىرىدە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ھەرىكەتلەرى باشلانغان ئىدى. 2013-يىلى، «قايتا باھالاش» نامىدا تەكشۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى. بۇ ھەيئەتلەر يېقىنقى 15 يىلدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر نەشر بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈپ، دوكلات بېرىشكە باشلىدى. پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلغان داڭلىق ئۇيغۇر ئاكادېمىك ۋە پىروفېسسور ئىلھام توختى 2014-يىلى بېيجىڭدا قولغا ئېلىندى. ئىلھام توختى-خىتاينىڭ ئاساسي قانۇنىغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن ھوقۇقنى قوغداشقا كۈچ چىقارغان ئاكادېمىك. ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىلھام توختى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئابدۇخەبەر رەجەپ 2014-يىلى خوتەن شەھىرىدە تۇتۇپ تۇرۇلغان، ئەينى ۋاقىتتا جازا لاگېرلىرىنىڭ تۇنجى نۇسخىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئىدى. ئابدۇخەبەرنىڭ ئېيتقانلىرى 2014-يىلدىن بۇرۇنقى تۇرمىلەردە تۇرۇپ باققانلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما 2016-يىلدىن كېيىن لاگېر ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈپ باققانلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئوخشاپ قالىدۇ. 2014-يىلدىن 2016-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قولغا ئېلىنغان ۋە پۇل بىلەن قويۇپ بېرىلىپ چەتئەلگە چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ھېكايىلىرىمۇ ئابدۇخەبەر رەجەپنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. ئابدۇخەبەرنىڭ ئېيتىشىچە، ساقچىلار ئۇنى ساقچىخانىغا كېلىشكە چاقىرغان، ئۇ ساقچىخانىغا بارغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئەر-ئاياللارنىڭ قول-پۇتلىرىنىڭ زەنجىر بىلەن باغلانغانلىقىنى ۋە تامغا قارىتىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان. ئۇزاق ئۆتمەي، ئابدۇخەبەرمۇ زەنجىر بىلەن باغلىنىپ تامغا قارىتىپ قويۇلغانلارنىڭ سېپىگە قوشۇلغان.[74]

ئابدۇخەبەر تۇنجى سوراقتىن كېيىن باشقا ناھىيەگە ئېلىپ كېتىلگەن. ئۇ يولدا ساقچىلاردىن نېمىشقا خوتەندە تۇرمىغانلىقىنى سورىغاندا، ساقچىلار خوتەندىكى تۇرمىلەرنىڭ توشۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان.[75]

---

[74] قۇززات ئالتاي بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[75] ئابدۇخەۋەر رەجەپ بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئابدۇخەبەر ئۇ چاغلاردا ئۆزىنىڭ زامانىۋى دەۋردىكى جازا لاگېرلىرىنىڭ تۇنجى زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئابدۇخەبەرنى ئېلىپ بارغان يەر ئەمەلىيەتتە ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى بولۇپ، يېڭى سىستېما بويىچە لايىھەلەنگەن ئىدى.[76]

«بىز بىر ئۆيدە 25 ئادەم تۇراتتۇق، يانمۇ-يان يېتىپ باقماقچى بولاتتۇق. بەش ئالتە كىشى يەرگە سىغمىغاچقا ياتالمايتتۇق. ئۇلار تامغا يۆلىنىپ ئۆرە تۇرۇپ ساقلايتتى. ئولتۇرىدىغان يەرمۇ يوق ئىدى. خىتايچە ناخشىلار ئۆگىتىلەتتى، ئەگەر سىز بىر سۆزنى خاتا يادلىسىڭىز، ئۇلار سىزنى دەرھال ئۇراتتى. ساقچىخانىدا قول ۋە پۇتقا كىشەن سېلىنغان بولسىمۇ ئەمما ئىككىسى بىر-بىرىگە ئۇلاقلىق ئەمەس ئىدى. لاگېرغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، قول ۋە پۇتلىرىمىزنى زەنجىر بىلەن بىر- بىرىگە باغلىدى. تىك تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ قاماقتا دەسلەپتە بىر ئىككى ئوغرى بار ئىدى، ئەمما ئۇلارنى ئەزەلدىن زەنجىر بىلەن باغلىمىدى. چاقىرغانلىقى ئۈچۈن بارغان ھەممىمىز ياكى ئۆيدىن تۇتۇپ كېتىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى زەنجىر بىلەن باغلاقلىق ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ئېلېكترونلۇق كالتەك كۆتۈرۈۋالغان 5-6 ساقچى قاماققا كىرىپ «سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ نېمىشقا كەلدىڭ؟» دەپ سوراپ، ھەممەيلەننى 15 ~ 20 مىنۇت ئۇراتتى. قوللىرىمىز پۇتلىرىمىز زەنجىر بىلەن باغلاغلىق بولغاچقا، ئۆزىمىزنى قوغدىيالمايتتۇق. ئەتىگەن سائەت 6 دە ئورنىمىزدىن تۇراتتۇق. قاماقتا كامېرا بار ئىدى. ئۈستىدىكى ئەينەك بۆلۈمدىن بىزنى دائىم كۆزىتىپ تۇرىدىغان ساقچىلار بار ئىدى. ئۆز-ئارا پاراڭلىشىش چەكلەنگەن ئىدى. ساقچىلار كەچلىك تاماققا چىقىپ كەتكەندە، كامېرادىن يوشۇرۇن ھالدا پاراڭلىشالايتتۇق. بىرەيلەننىڭ تېلېفونىدا قۇرئان كەرىمنىڭ سىن كۆرۈنۈشى چىققانلىقى ئۈچۈن، بىرەيلەن ساقال قويغانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرەيلەننىڭ تېلېفۇنىدا ئائىلىسىدىكى ئايالالارنىڭ ياغلىق ئارتقان رەسىمى بولغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلغانلار بەك كۆپ ئىدى. خىتايچە ناخشىلارنى ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار بار ئىدى. ئۇلار خىتايچىنى ئۇيغۇرچە يېزىپ بىزگە ئۆگىتەتتى. خىتايچە بىلىدىغانلار خىتايچە ئوقۇيتتى ۋە يادلايتتى، بىلمەيدىغانلار خىتايچىنى ئۇيغۇرچە يېزىش ئارقىلىق ئۆگىنەتتى. ئوقۇتقۇچىلار ناخشىلارنى قەغەزگە يېزىپ بېرەتتى. دەرسلەردە ئۇلارمۇ ساقچىلار بىلەن بىللە ئۈست تەرەپتە قاراپ تۇراتتى. نۆۋەت بىلەن ئىسمىم چاقىرىپ «ناخشىنى يادقا ئوقۇ» دەيتتى. ئەگەر يادقا ئوقۇيالمىسا، ئەتىسى ئەتىگەندە كېلىپ ئۇلارنى قاتتىق ئۇراتتى. مەن تۇتۇلغان مەركەزدە 24 ياتاق بار ئىدى. مەن 3-نومۇرلۇق ئۆيدە ئىدىم. مېنى تۇنجى قاماققا ئېلىپ بارغاندا، قارشى تەرەپتىكى قاماق ئۆيدىن ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى كەلدى. ئاندىن بىر ئادەمنىڭ ۋارقىرىشى ئاڭلاندى، مەن بۇ مەركەزدە 14 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان كىشلەرنى كۆردۈم. ياشانغانلار زەنجىرگە چىدىماي يىغلاپ كىتەتتى. ھاجەتخانا قاماق ئۆينىڭ ئىچىدە ۋە ئەتراپى ئوچۇق ئىدى. بىرەيلەن ھاجەتخانىغا كىرگەندە ئەتراپتىكى ھەممەيلەن ئۇنى كۆرۈپ تۇراتتى، ساقچىلارمۇ قاراپ تۇراتتى. جازا مۇددىتى ئېنىق بولغانلار تۈرمىگە ئېلىپ كېتىلەتتى. مەن ھېچكىمنىڭ سوتقا تارتىلغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدىم. كېلىپ ئالغان جازاسىنى ئوقۇيتتى، ئاندىن ئۇلارنى لاگېرغا ئېلىپ كېلەتتى. چۈشتە موما بىلەن بىر ئىستاكان قىزىق سۇ بېرەتتى.

[76] ئابدۇخەۋەر رەجەپ بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئالتە ئايدىن كېيىن مەن خوتەنگە يۆتكەلدىم. خوتەندىكى ئەھۋال تېخىمۇ ناچار، ئادەم تېخىمۇ كۆپ ئىدى. مەن ھويدا تۇرغان قاماقتىن خېلىلا كىچىك قاماق ئۆيدە 25 ئادەم ئىدۇق. يېرىمىمىز تامغا يۆلىنىپ، يېرىمىمىز يەردە ئولتۇراتتۇق، قول-پۇتلىرىمىز زەنجىر بىلەن باغلانغان ئىدى. بۇ يەردىمۇ خىتايچە يادلاشنى ئاساس قىلغان تەربىيە بار ئىدى. خىتايچە ناخشا ۋە شېئىرلارنى يادلايتتۇق. بىر قېتىم خوتەندىكى لاگېردا، ساقچىلار: «ئابدۇخەبەر، نېمىشقا كەلدىڭ؟» دەپ سورىدى. «مەن ھېچ ئىش قىلمىدىم» دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇلار توك كالتەك بىلەن مېنى ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن ھوشۇمدىن كەتتىم، ھېچ نەرسە ئېسىمدە يوق، مەن ھوشۇمغا كەلگەندىن كېيىن قاماقخانىدىكىلەر ماڭا، مەن ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن ساقچىلارنىڭ مېنى سۆرەپ سىرتقا ئېلىپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر ساقچى: «سەن نېمىشقا بۇنداق گەپ قىلىسەن؟ گۇناھكار بولغانلىقىڭ ئۈچۈن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىندىڭ» دېدى. ئۇ يەنە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى گۇناھسىز دېمەسلىكىمنى، بولمىسا باشقىلارغا يامان ئۈلگە بولىدىغانلىقىمنى، جىنايىتىمنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. مەن خوتەندىكى لاگېر بىناسىنى سىرتقا چىققاندا كۆردۈم. ئۇ خوتەننىڭ شەھەر مەركىزىدە بولۇپ، يېڭىدىن سېلىنغان بىنا ئىدى. مەن ئۇ بىنانىڭ ئالدىدىن جىق ئۆتكەن ئىدىم، ئەمما ئۇ بىنادا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئۇ بىنانىڭ ئەتراپىدا ئىت يېتىلىۋالغان ساقچىلار ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ئۇلار يەنە ئاياللارنىمۇ كۆپ ئۇراتتى. ئاياللارنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆپىنچە سىم بىلەن ئۇراتتى. ئاياللار تاياق زەربىسىگە چىدىماي بەك يىغلايتتى، بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. ھەركۈن ئاياللارنى ئۇرغاندىكى كالتەكنىڭ ئاۋازى بىلەن ئاياللارنىڭ يىغا ئاۋازلىرى ئارىلىشىپ كېتەتتى.

يەتمىش ماددىلىق بىر تېكىست بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي مۇراسىملار ھەققىدە ئىدى. بۇ يەردە ھىجاب، ساقال، ھەتتا سائەتنى ئوڭ قولىغا تاقىغانلارغا ئائىت جازالارمۇ بار ئىدى. ئەگەر بىراۋ سائەتنى ئوڭ قولىغا تاقىغان بولسا، ۋە ئۇ كىشى ئۇيغۇر بولسا، ئۇنىڭ بارار يېرى لاگېر ئىدى. چۈنكى ئىسلامدا ھەممە ئىشنى ئوڭدىن باشلاش، ئوڭ قول بىلەن تاماق يېيىش قاتارلىق ئادەتلەر بار. مەن 2014-يىلى 11-ئايدا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، 2015-يىلى قولغا ئېلىنغانلار تېخىمۇ كۆپ بولدى. مەن جەمئىي 9 ئاي تۇردۇم. ئۇلار ئىقرارنىمىگە ئىمزا قويسام قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، «ئەگەر بۇ ماددىلارغا دىققەت قىلمىساڭ، يېزىدا، قوشنىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ۋە ھەممە جايدا كۆزەتكۈچىلىرىمىز بار. سېنى يەنە بۇ يەرگە ئېلىپ كېلەلەيمىز» دېدى ۋە ھۆججەتكە ئىمزا قويغۇزدى.[77]

ئابدۇخەبەر رەجەپ دوستلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە تۆلىگەن پۇلى بىلەن سىرتقا چىققاندىن كېيىن، پارا بېرىپ پاسپورت ئالغان ۋە خىتايدىن ئايرىلغان. 2016-يىلدىن باشلاپ، ئۇ ئايالى ۋە 7 بالىسىدىن خەۋەر ئالالمىغان، بالىلىرىنىڭ ئىچىدە 2 سى رەسمىي نوپۇسقا ئالدۇرۇلغان بولۇپ، قالغان 5 ى پىلانلىق تۇغۇت نورمىسىدىن ئېشىپ كەتكەچكە، رەسمىي نوپۇسقا ئالدۇرۇلمىغان. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەندە كۆز ياشلىرىنى تۇتالمىدى. ئۇ بالىلىرىنى باللار لاگېرىدا دەپ ئويلايدۇ. ئايالىنىڭ بولسا 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تاپشۇرۇپ ئالغان.[78]

---

[77] ئابدۇخەۋەر رەجەپ بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[78] ئابدۇخەۋەر رەجەپ بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.



www.uyghurkitap.com

## 5.3. كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ باشلىنىشى: 2016 ـ 2017

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا پاسپورت ئېلىش ئەزەلدىن ئاسان ئەمەس. ئەمما 2015 ـ يىلىدىن كېيىن، ناھايىتى جىق پارا بېرىپمۇ ئېلىش قىيىن بولغان پاسپورتقا ئېرىشىش تۇيۇقسىز ئاسانلاشتى. شۇنداقلا، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر پاسپورت رەسمىيەتلىرىنىڭ ئاسانلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇيغۇرلارنى پاسپورتقا ئىلتىماس قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. نۇرغۇن ئۇيغۇرلار بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ پاسپورت بېجىردى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئاسانلىقنىڭ سەۋەبىنى 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇشتىن كېيىن چۈشىنىپ يەتتى.

قەشقەرلىك شەھىدە ئەلىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى باشقا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ سۆزلىرىنىمۇ توغرىلايدۇ: «2015 ـ يىلىدىن بۇرۇن، پاسپورت ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە بېجىرىش ناھايىتى تەس ئىدى. دادامنىڭ نۇرغۇن تونۇش ـ بىلىشلىرى، ئالاقە تورى تۇرۇپمۇ مېنىڭ پاسپورتۇمنى شۇنداق تەستە بېجىرگەن ئىدى. 2015 ـ يىلدىن كېيىن، يېزىدا ياشايدىغان تاغىلىرىمغا، ھەتتا پۇلى يوقلارغىمۇ پاسپورت، چەتئەل ئىجازەتنامىسى، خالىغان دۆلەتكە بېرىش ئۈچۈن ۋىزا بەردى. نۇرغۇن ساياھەت شىركەتلىرى ئېچىلدى. ئاندىن ئۇ شىركەتلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ساياھەت قىلغانلارنى ۋە ئۇ ساياھەت شىركەتلىرىنىڭ ئىگىلىرىنى لاگېرغا ئېلىپ كەتتى».[79]

قولغا ئېلىنغانلارنىڭ كۆپ قىسمى خىتاينىڭ «خەتەرلىك» دۆلەتلەر تىزىملىكىدىكى دۆلەتلەرگە چىققانلار ئىدى. ئامېرىكا، قازاقىستان، تۈركىيە، گېرمانىيە، مىسىر، مالايسىيا، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەر خەتەرلىك دۆلەتلەر تىزىملىكىدە ئىدى. گۈلزىرە تاشمەمەتنىڭ قېيىنانىسى 2016 ـ يىلى خىتاي ساياھەت ئۆمىكى بىلەن تۈركىيەنى زىيارەت قىلغانلىقى ئۈچۈن 2017 ـ يىلى نويابىردا 19 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇنىڭ بىلەن بىر نەۋرە رازىيە دىلمۇراتمۇ گېرمانىيە بىلەن ئالاقە قىلىش جىنايىتى بىلەن 11 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئالاقە قىلغان كىشى گۈلزىرە تاشمەمەتنىڭ ئۆزى بولۇپ، رازىيە دىلمۇراتنىڭ كېسىلى ئۈچۈن گېرمانىيەدىن دورا ئەۋەتىپ بەرگەنلىكى ئۇنىڭ گۇناھى ئىدى.[80]

2015 ـ يىلى پاسپورت بېجىرىش ئاسانلىشىپ بىر يىلدىن كېيىن، چەتئەلگە چىقىپ قايتىپ كەلگەنلەر لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىلىشكە باشلىغان ئىدى. يەرلىك ساقچىلار خىتاي سىرتىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىغا تېلېفون قىلىپ قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلىش خىزمىتىنى باشلىغان. ئابدۇراخمان سۇتۇقنىڭ ئېيتىشىچە، 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مىسىردا ئوقۇۋاتقان دوستى ياسىن، بۇ دەۋەت سەۋەبىدىن خىتايغا قايتىپ كەتكەن، ۋە ئىككى ئايغىچە ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغان، ئىككى ئايدىن كېيىن ئائىلىسى ئۇنىڭ جەسىتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان.[81] ئالىي مائارىپ ئۈچۈن چەتئەلگە ئوقۇشقا چىققان ئوقۇغۇچىلار، سودا قىلىدىغان تىجارەتچىلەر، خىتاي سىرتىدىكى تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقە قىلغانلار ۋە بارلىق ئۇيغۇر ۋە قازاق ئائىلىلىرى زور تۇتۇپ

[79] شەھىدە ئەلى بىلەن 2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

[80] شەھىدە ئەلى بىلەن 2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

[81] ئابدۇراخمان سۇتۇق بىلەن 2021 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

تۇرۇش دولقۇنىنىڭ قۇربانى بولدى. 2016-يىلى يولغا قويۇلغان ئىسىم چەكلىمىسى ئىسلامچە بارلىق ئىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ساقال قويۇش، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇرچە ياغلىق ئارتىش، روزا تۇتۇش، مەسچىتكە بېرىش، ئۆيىدە قۇرئان كەرىم بولۇش ۋە ئۆيىدە ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتى بىلەن سېتىلغان دىنىي ۋەز-نەسىھەت لېنتىلىرى بولۇش قاتارلىق تۈگىمەيدىغان مەھكۇم قىلىش سەۋەبلىرى بار ئىدى.

2018-يىلى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە تۇرغان ۋە خىتاي سىرتىغا چىقالىغان گۇۋاھچىلارنىڭ ئورتاق باياناتىغا قارىغاندا، كوچىلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئازايغان. كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بۇ كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش دولقۇنى پەقەت خىتاي كومپارتىيىسىگە گۇمانلىق نەزەردە قارايدىغان ئۇيغۇرلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. ھەتتا بىر ئۆمۈر پارتىيەگە سادىق بىر خىتاي پۇقراسى بولۇشقا دىققەت قىلغان، ئۇزۇن ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك مەمۇرلۇق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا ئۇيغۇرلارمۇ تەھدىت نىشانى ئىدى.

فىنلاندىيەدە ياشايدىغان خالمۇرات ئۇيغۇرنىڭ ئانىسى ۋە دادىسى 70 ياشتىن ئاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى تۇرپان شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىن، ئانىسى دۆلەتنىڭ تەشۋىقات ئورگىنى «تۇرپان گېزىتى» دىن پىنسىيەگە چىققان. خالمۇرات ئائىلىسىدىكىلەرنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېدى: «بىز كوممۇنىست ئىدىئولوگىيىسىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر ئائىلە ئىدۇق».[82] 2017-يىلى خالمۇرات ئۇيغۇرنىڭ دادىسى ۋە ئانىسى لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن.

غۇلجىلىق مەلىكە مەھمۇدنىڭ (قازاق) ھېكايىلىرى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بۇ چوڭ تۇتۇپ تۇرۇش دولقۇنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭرى دائىرىدە بولغان: «تاغام دىلشات ئورالباي، چوڭ ھامام بەختىگۈل ئورالباي، كىچىك ھامام بايرا ئورالباي لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىپتۇ، بىز ئاڭلاپ ھەيران قالدۇق ۋە ئىشەنگىمىز كەلمىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا بىز پەقەت دىندارلارلا قولغا ئېلىنىدۇ دەپ قاراپتۇق، خاتالىشىپتۇق، ئۇلار ھاياتىدا بىر قېتىم بولسىمۇ مەسچىتكە بېرىپ باققان كىشىلەر ئەمەس. تاغام خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت گېزىتىدە 23 يىل ئىشلىگەن مەمۇر ئىدى. ھەم پارتىيە ئەزاسى ئىدى. مۇسۇلمان ئەمەستى ھەتتا دىندار دوستلىرىمۇ يوق ئىدى. ھامملىرىمۇ شۇنداق ئىدى. كېيىن چوڭ تاغامنىڭمۇ جازا لاگېرىدا بىر يىل تۇرغانلىقىنى، ئەمما ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن چىقىرىۋېتىلگەنلىكىنى بىلدۇق. پالەچ بولۇپ قاپتۇ».[83]

بىز زىيارەت قىلغان، ئوخشىمىغان 11 دۆلەتتە ياشاۋاتقان گۇۋاھچىلار، لاگېر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىش سەۋەبىنى مۇنۇ بىر نەچچە نۇقتىغا يەكۈنلىدى، ئەڭ كۆپ ئۇچرىغىنىدىن: چەتئەلدە ئوقۇش (ھەممىسى رەسمىي ئىجازەت بىلەن بارغان ئۇنىۋېرسىتېتلار)، «خەتەرلىك دۆلەت» تىزىملىكىدىكى دۆلەتلەرگە ساياھەتكە بارغانلار، بۇ دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلغانلار، تېلېفوندا، كومپيوتۇردا. ئۆيىدە ئىسلام دىنىغا ئائىت بولۇپمۇ

[82] خالمۇرات ئۇيغۇر بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 31-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[83] مەلىكە مەخمۇت بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇرئان-كەرىم ۋە مۇناسىۋەتلىك ھەدىس كىتابلار شۇنداقلا ئۈن-سىن بويۇملىرىنىڭ بولۇشى، تېلېفونىدا WhatsApp ۋە Skype قاتارلىق غەربنىڭ پروگراممىلىرى بولۇشى، ياغلىق ئارتىش، تۇغقانلىرىنىڭ بىرىنىڭ چەتئەلدە بولۇشى، خىتاي پارتىيىسىنى قوللىمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئەرز بولۇشى. . . (بۇلارنىڭ ھەر بىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقرالارغا نومۇر قويۇش سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل ھېساپلىنىدۇ).

خىتاي دۆلىتى يېڭى بىر بىخەتەرلىك ئۇقۇمىغا كۆچكەن بولۇپ، مۇۋاپىق چۈشەنچە بېرىلمىگەن بولسىمۇ، خىتاي بولماسلىق يوشۇرۇن تەھدىت دەپ قارىلىشقا باشلىغان ئىدى. خىتاي دۆلىتى شىنجاڭ تەشۋىقات ئىدارىسىدىن شۇ گۇيشياڭ، جازا لاگېرلىرىغا سولانغانلار ھەققىدە BBC گە مۇنداق دېگەن ئىدى: «جىنايەت سادىر قىلىش ئالدىدا تۇرغان ئادەمنى تۇتۇپ، ئۇنى قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرىمىز».[84] دۇنياغا ئېلان قىلىنغان بۇ كەڭ تارقالغان رەسمىي سۆزلەر بىلەن، خىتاي ئۆزىنىڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى پروفېسسورلاردىن تارتىپ كىچىك كەنتتىكى ئائىلە ئاياللىرىغىچە مىليونلىغان ئاز سانلىق مىللەت جەمئىيەت ئەزالىرىنى، «جىنايەت ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ جىنايەت سادىر قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەنلىكى» ئۈچۈن جازا لاگېرىغا سولىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى جازا لاگېرلىرىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە «تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش مەركىزى» سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇشنى خالايدۇ. كەسپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى ئۇيغۇر ئاكادېمىكلىرى، سەنئەتچىلەر، تەنھەرىكەتچىلەر ۋە داڭلىق سودىگەرلەر بۇ لاگېرلارغا سولانغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى يەنىلا ئۆزىنى ئاقلاپ، لاگېرلارغا سولانغانلارغا كەسىپ ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى ۋە زۆرۈر تەربىيەنىڭ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەگەر خىتاينىڭ رەسمىي سانلىق مەلۇماتلىرى قوبۇل قىلىنسا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 11 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر بار. پىلانلىق تۇغۇت نورمىسى سەۋەبىدىن رەسمى نوپۇسقا ئالدۇرۇلمىغان بالىلارنى نەزەردىن ساقىت قىلمىساق، بۇ ساننىڭ رەسمىي ساندىن تېخىمۇ جىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خىتاي دۆلىتىنىڭ تەشۋىقات ئورگىنى بولغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2020-يىلى 31-ئۆكتەبىردىكى سانىدا، 2016-يىلدىن 2019-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 4 مىليون 719 مىڭ 600 كىشىگە كەسپىي تەربىيە بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر چىقتى. بىز 2017، 2018 ۋە 2019-يىللىرى يېڭى جازا لاگېرى ئىنشائاتلىرىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز. بەزى مەنبەلەردە 2020-يىلغىچە يېڭىدىن سېلىنغان لاگېرلارنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 380 گە يەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.[85] بۇ كۆلەمنىڭ ئېشىشىغا قارىماي، 2018-يىلدىن كېيىنكى يېڭى مەھبۇسلارغا ئورۇن چىقىرىش ئۈچۈن، نازارەت ئاستىدا قويۇپ بېرىش باشلانغان. تېخى تەپسىلاتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كۆلىمى كېڭەيتىلگەن لاگېرلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغان ھېسابلاشتا، 2016-يىلدىن 2019-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا،

[84] BBC News. Inside China's 'thought transformation' camps. (2019). Youtube. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişildi.

[85] The Guardian. China has built 380 internment camps in Xinjiang, study finds (2020). 29 Mayıs 2021 tarihinde erişildi.

دۆلەت تەرىپىدىن «تەربىيەلەنگەن» دېيىلگەن ئادەم سانىنى 2019-يىلدىن كېيىنكى سانغا تەقلىد قىلىپ ھېساپلىغاندا، 2019-يىلدىن 2021-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 2 مىليون 359 مىڭ كىشىنىڭ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، 2016-يىلىدىن بۈگۈنگە قەدەر (2021-يىلى 6-ئايغىچە) نازارەت ئاستىدا قويۇپ بېرىلگەنلەر، تۈرمىگە يۆتكەلگەنلەر ۋە قۇل ئىشچى مەركەزلىرىگە يۆتكەلگەنلەرنى قوشۇپ ھېساپلىغاندا، 7 مىليون 78 مىڭ كىشى جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. مۆلچەرىمىزچە ھازىرقى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە لاگېرلاردىكى ئادەم سانى 3 مىليوندىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن.

## .5.4 جازا لاگېرلىرىنىڭ شارائىتى

بىز گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىدىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى، خىتاينىڭ «قايتا تەربىيە لاگېرلىرى» دەپ ئاتىۋالغان جازا لاگېرلىرى ۋە تۈرمىلەرنىڭ شارائىتلىرى ئاساسەن بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئۈچ خىل مەركەزدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە شۇ يەردە خىزمەت قىلىپ باققانلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىدە ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەزمۇنلار بار. ئىگىلىنىشىچە، قۇل ئىشچىلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان لاگېرلاردا، ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ساغلاملىق ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدە شارائىت ھازىرلانغان. باللار لاگېرلىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ئىنتايىن چەكلىك. خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ھېساباتىدا ھەمبەھىرلىگەن قىسقا تەشۋىقات فىلىملىرىدىن باشقا، بىزدە باللارنىڭ جىسمانىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلىدىغان ھۆججەتلەر يوق. قۇل ئىشچى لاگېرلىرى ۋە باللار لاگېرلىرىنى ئايرىم بىر بۆلۈم ئاجراتقانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ بۆلۈمدە ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى، جازا لاگېرلىرى ۋە تۈرمىلەرنىڭ شارائىتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

ھەر بىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ لاگېردا تۇنجى كىرىدىغان يېرى- سوئال سوراش ئۆيى. بۇ ئۆيگە ئېلىپ كىرىشتىن بۇرۇن، قول ۋە پۇتىغا كىشەن سېلىنىدۇ. سوراقخانىلار كۆپىنچە كامېرالار تەرىپىدىن كۆزىتىلىدۇ، كامېرا يوق سوراقخانىلارمۇ بار بولۇپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بۇ يەرنى «قارا» ئۆي دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردە كارىۋاتمۇ بار بولۇپ ئاياللارغا جىنسىي تاجاۋۇزچىلىق قىلىدۇ. بەزى ئەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ جىنسىي تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلىدىغان گۇۋاھچىلارمۇ بار. سوراق ئۆيىدە، سوراق قىلىنىدىغان كىشى «يولۋاس ئورۇندۇق» دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. يولۋاس ئورۇندۇق خىتايدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق قىيناش قورالى بولۇپ، بۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كىشىنىڭ قولى ۋە پۇتى مەھكەم باغلىنىدۇ، ھەرىكەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس. سوراق جەريانىدا مەھبۇسنىڭ ئۆزىنى قوغداش ھەرىكىتى قىلالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

سوراق ئۆيىدە ئېغىر تاياق، يۇقىرى دەرىجىلىك نۇر، توك كالتەك، تىرناق ئارىسىغا يىڭنە سانجىش، تىرناق تارتىش، جىنسىي ئەزاغا ئىلمەككە ئوخشاش مېتاللارنى سانجىش، زەنجىر بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئېسىپ قويۇش، زەنجىر ۋە سىم بىلەن ئۇرۇش، باسقۇنچىلىق، ئاچلىق، سۇسىزلىق، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق جازالار بىلەن قىيناش ئېلىپ بارىدۇ، بەزىدە سىرتتىكى ئائىلە ئەزالىرى بىلەن تەھدىت سېلىشمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى قېتىملىق سوراق جەريانىدا، كىيىملىرى تىتىلىپ پارچە پارچە بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئورنىغا لاگېرنىڭ كۆك ۋە كۆلرەڭ يوللۇق كىيىمىنى ۋە نېپىز رەختتىن تىكىلگەن خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى ئايىغىنى كىيىدۇ، ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بىر مەھبۇسنىڭ سوراق ۋاقتىنىڭ قانچىلىك بولۇشى، ئۇنىڭ تەلەپلەرنى قاندۇرۇشىغا باغلىق. مەسىلەن: ئۆزىگە قارىتىلغان بارلىق ئەيىبلەشلەرنى ئېتىراپ قىلىش ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ «گۇناھكار»لىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش. بۇنى تېز قوبۇل قىلغانلارغا يۇقىرى جازا بېرىلىپ تۈرمىگە ياكى ئاتالمىش تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلىدۇ. شۇڭلاشقا قوبۇل قىلىسمۇ قىلمىسىمۇ ئاقىۋەتنىڭ ئېغىرلىقىنى مۆلچەرلىيەلىگەنلەرنىڭ سورىقىغا تېخىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. ئېغىر سوراق جەريانىنىڭ ئالتە ئايغىچە داۋاملاشقانلىقى ئېيتقان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارمۇ بار.

بىز زىيارەت قىلغان لاگېر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ئۆمەربېك ئەلى نۇرغۇن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا ئوخشاش ۋەقەنى باشتىن كەچۈردى: «تۇنجى سائەتتىن كېيىن، مەن تۆھمەتنى قوبۇل قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىنكاسى قاتتىق بولدى، ئاندىن ئۇلار توك كالتەكلىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. مەن توك كالتەكنىڭ زەربىسىگىمۇ بەرداشلىق بەردىم، ئاندىن ئۇلار كالتىكىنى كاۋچۇك كالتەككە ئالماشتۇردى. مەن بولسام يولۋاس ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتىم، ئۇلار توختىماي ئۇردى. ئاندىن ئۇلار مېنى ئورۇندۇقتىن چىقىرىپ، قوللىرىمنى تورۇسقا باغلىدى ۋە داۋاملىق ئۇردى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار جىنسىي ئەزا ۋە سەزگۈر يەرلەرگە بىر نەرسە تىقىپ قىيناشقا باشلىدى. ئاندىن ئىنچىكە تۆمۈر سىمنى تىرنىقىمنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قىيناشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار باشقا نەرسە سورىمىدى. داۋاملىق: «سەن جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ، جىنايىتىڭنى ئېتىراپ قىل» دېدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن قىيناپ، بىر تەرەپتىن ھاقارەت قىلاتتى. «سېنىڭ قازاقىستان پاسپورتىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئالاھىدە ئىمتىيازلىق دەپ چاغلاۋاتامسەن؟ ئەگەر خالىساڭ ئامېرىكا پاسپورتىنى ئېلىپ كەل، ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ» دېدى. ئۇلار قىيناشتىن ھۇزۇر ئالاتتى. ئۇلارنى كۆرگەن بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىسىز. سوئال سوراش جەريانىدا بىر نەچچە سائەت قىيناپ، ئاندىن ئارام ئېلىپ تاماق يېيىشكە ۋە تاماكا چېكىشكە چىقىپ كىتەتتى، ئاندىن قايتىپ كېلىپ قىيناشنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇلار ئەيىبلەشنى قوبۇل قىلىشىم ئۈچۈن مېنى بەك قىينىدى، ئەمما مەن: «خالىساڭ مېنى ئۆلتۈر، مەن يەنىلا قوبۇل قىلمايمەن» دېدىم. مەن ساياھەت ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىناتتىم، شۇڭا مېنى غەرب دۆلەتلىرىگە باشقىلارنى ئېلىپ بارغان دەپ ئەيىبلىدى. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قانۇنلۇق ئېلىپ باردىم. بۇ قانداقسىگە جىنايەت بولىدۇ؟ سوراق قىلىش تۆت كۈن داۋاملاشتى. ئۇلار ھەر كۈنى يېرىم لىتىر سۇ ۋە بىر پارچە نان بىرەتتى. ئەمما ئۇ ناننى يېيىشكە كۈچۈممۇ يوق ئىدى. ئېغىر تاياق يېگەنلىكىم سۇ ئىچمەكچى بولساممۇ ئەمما سۇ ئىچكىدەك ماجالىم يوق ئىدى. قىيناش تۆت كېچە-كۈندۈز داۋاملاشتى.

تۆت كۈن بويىچە، مېنى يا تامغا زەنجىر بىلەن باغلاپ قويىاتتى، يا يولۋاس ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويىاتتى، ياكى تورۇسقا ئېسىپ قويىاتتى. شۇ جەرياندا مەن يان كامېردىن بىر قىزنىڭ ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلىدىم. «مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!» دەپ يالۋۇرىۋاتقان ئاۋاز ئىدى. شۇنداق ئازابلاندىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەدىنىم چىرىگەن گۆشكە ئوخشايتتى. بەدىنىمدە قىيناش ئىزى يوق يەر قالمىغان ئىدى. ھەر يەرگە ئاياق باسقىنىمدا تاپىنىمنىڭ ئاغرىقى جېنىمنى ئالاتتى. پۇتۇمدىكى زەنجىرلەر شۇنداق ئېغىر كېلەتتى. لاگېردا ئۇخلايدىغان يېرىمىزنىڭ چۆرىسىدە تۆمۈر بار ئىدى، بىزنى شۇ تۆمۈرگە خۇددى ھايۋاننى باغلىغاندەك چېتىپ قوياتتى. ئىنسانىي مۇئامىلىگە ئۇچرىماسلىق، ۋە خورلاشلار ھەرۋاقىت بولۇپ تۇراتتى»[86].

بىز زىيارەت قىلغان، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردىن بىرى قازاقىستانلىق باقتىئالى نۇر ئۆزى شاھىت بولغان بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: «ئابدۇسالام ئىسىملىك بىر ياش ئۇيغۇر بالا بار ئىدى، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قىيناشتىن قايتىپ كەلگەندە، ئىككى قولى پالەچ بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار مېنى ئۇ بالىنىڭ ھاجەت ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە تەيىنلىدى. مەن قولىغا نېمە بولغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ماڭا تۆت كۈن ئىككى قولى بىلەن پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي تورۇسقا ئېسىپ قويغانلىقىنى، تۆت كۈندىن كېيىن يەرگە چۈشۈرگەندە قولىنىڭ شۇنداق پالەچ بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ھاجىتىنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىشتىنىنى چۈشۈرگىنىمدە ھەممە يېرى قاپقارا ۋە چىرىگەن ئىكەن. ئۇ ئەمدىلا 30 ياشتا ئىدى»[87].

لاگېرلاردىكى كامېرلارنىڭ تورۇسلىرى ئېگىز بولۇپ، 3x6، 18 كۋادرات مېتىر كېلەتتى. كامېرالادا كۆزىتىلەتتى. ساقچىلارنىڭ خالىغان ۋاقىتتا كۆرسەتمە بېرىشى ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋازلىق ياڭراتقۇمۇ ئورنىتىلغان ئىدى. ھاجەتخانا كامېرنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئەتراپى ئوچۇق ئىدى. ھاجەتخانا بولسىمۇ قاماقخانىدا سۇ يوق ئىدى. ئوچۇق ھەم سۇسىز ھاجەتخانا شۇنداقلا مەھبۇسلار ئۈچۈن مۇنچا ئەسلىھەلىرىنىڭ كەمچىللىكى سەۋەبىدىن تېرە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. 18 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيدە 18ـ25 گىچە مەھبۇس بار. كامېر قانچە چوڭ بولسا، مەھبۇسلارنىڭ سانى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئورتاق ھېكايىسى شۇكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى 18، 25، 30، 50 ۋە 60 كىشىلىك كامېردا تۇرۇپ باققان بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۇخلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، سوزۇلۇپ ياتقانلار جايىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھاجەتخانىغا بېرىشنىمۇ ئىمكانقەدەر كېچىكتۈرىدۇ، كىشىلەر نۆۋەت بىلەن ئۇخلايدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە ئىككى سائەتكە يېقىن سوزۇلۇپ يېتىۋېلىش نۆۋىتى بار. ئۆرە تۇرغانلار تامغا يۆلىنىپ ئۇخلاشقا تىرىشىدۇ. كامېرلارنىڭ پوللىرى بېتون، كارىۋات ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق.

لاگېردىكىلەرگە ھەركۈنى يېمەكلىك سۈپىتىدە، بىر ئىستاكان سۇ (بەزى بايانلاردا قىزىق سۇ دېيىلىدۇ)، ھوردا پىشۇرۇلغان خىتاي مومىسى، يېسىۋىلەك ۋە چەيزە شورپىسى بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ھەددىدىن زىيادە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ۋە باشقا ناچار شارائىتلار سەۋەبىدىن ھەددىدىن زىيادە ئورۇقلاش ۋە ساغلاملىق مەسىلىلىرى كېلىپ چىققان. لاگېردا 8 ئاي تۇرغان ئۆمەربەك ئەلى 115 كىلوگرام بىلەن لاگېرغا كىرىپ 60 كىلوگرام بىلەن چىققانلىقىنى بايان قىلدى[88].

---

[86] ئۆمەربەك ئەلى بىلەن 2021ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 24ـ كۈندىكى سۆھبەت.
[87] باقتىئالى نۇر بىلەن 2021ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 24ـ كۈندىكى سۆھبەت.
[88] ئۆمەربەك ئەلى بىلەن 2021ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 24ـ كۈندىكى سۆھبەت.

ئېغىر جىسمانىي شارائىت ۋە قىيناش سەۋەبىدىن ساغلاملىق مەسىلىسى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان لاگېردا، داۋالاش ياردىمى ئەزەلدىن تەمىنلەنمەيدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار گۇۋاھلىق سۆزىدە، گېموروي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇچىيى بىر غېرىچتىن جىقراق سىرتقا چىقىپ قالغان، قىيناش جەريانىدا بۆرىكى يارىلىنىپ، سۈيدۈكتىن قان كەلگەن، ھوشىدىن كەتكەن داق يەردە 2ـ3 سائەت ياتقان، قىيناش جەريانىدا پۇتلىرى سۇنۇپ كەتكەن، ئەمما ۋاقتىدا داۋالاش ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن مېڭىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويغان، سۆڭگىچى سۇنۇپ كەتكەن، ئەمما ھېچقانداق داۋالاشقا ئېرىشەلمەي مېيىپ بولغانلارنىڭ ناھايىتى كۆپلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

لاگېرلاردا قىسقا ۋاقىت، 8ـ9 ئاي تۇرغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭمۇ ساغلاملىقىدىن مەسىلە چىققانلىقىنى بىلىمىز. يۈرەك، بۆرەك، ھەزىم قىلىش، سۆڭەك ۋە روھىي كېسەللىكلەر ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. سىستېمىلىق جىنسىي زوراۋانلىق سەۋەبىدىن، بولۇپمۇ ئاياللاردا كۆپىيىش سىستېمىسى ۋە تۇز چوڭ ئۇچەيدە ساقايمايدىغان زىيان كۆرۈلگەن. جىنسىي ساغلاملىقىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىمۇ بار. لاگېرغا سولانغانلارنىڭ چەتئەلدىكى تۇققانلىرى، لاگېردىن قۇتۇلۇپ چىققان يېقىنلىرىنىڭ ئۆزلىرى كۆرەلىگەن رەسىم ۋە سىنلىرىدا ناھايىتى قېرى، كېسەل چىراي ۋە ئورۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. لاگېرغا ئېلىپ كەتكەندە ناھايىتى ساغلام ۋە ماغدۇرى ياخشى بولغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار، قويۇپ بېرىلگەندە بولسا ياشاش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج ھالغا چۈشۈپ قالغان. لاگېردىن چىققاندىن كېيىن چاقلىق ئورۇندۇق ۋە ھاسىغا چۈشۈپ قالغانلارنىڭ سانىنى خېلى كۆپ دېيىشكە بولىدۇ.

مىللىتى قازاق بولغان، 70 ياشتىن ئاشقان پارتىيە ئەزاسى، پېنسىيەگە چىققان مەمۇر قالىيوللا تۇرسۇننىڭ بېشىغا كەلگەنلەر، لاگېر شارائىتىنىڭ قانچىلىك ناچارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان نۇرغۇن مىساللاردىن بىرى. ئوغلى ئاقىۋاتىنىڭ دادىسى بىلەن بىر لاگېردا ياتقانلاردىن ۋە ئىككى قېتىم دادىسى بىلەن كۆرۈشەلىگەن تۇققانلىرىدىن ئىگىلىشىچە، ھەرۋاقىت قانۇنلارغا رىئايە قىلىپ كەلگەن قالىيوللا بېيجىڭغا يازغان ئىككى پارچە ئەرزنامە سەۋەبلىك لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن. ئەرزنامىدە، لاگېرغا ئېلىپ مېڭىلغاندا سالامەتلىكى ناھايىتى ياخشى ئەمما بىر مەزگىلدىن كېيىن ئائىلىسىگە جەسىتى تاپشۇرۇپ بېرىلگەن جۇما ئاغايغا نېمە بولغانلىقىنى ۋە كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىدى. ئۇ ئەرزنامىنى ئەۋەتىپ، تۆت كۈندىن كېيىن ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرىمۇ ئۇنى سوراق قىلغان قاماقخانىنىڭ يېنىدا سوراق قىلىنغان. ئۇلار قالىيوللانىڭ قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلىغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى بىر مەزگىل لاگېرغا قامالغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. ناھايىتى تەستە ئىجازەت ئېلىپ قالىيوللانى يوقلاپ بارغان. ئۇنىڭ قول-پۇتلىرى كىشەنلەنگەن، شۇنداقلا قولى ۋە پۇتى زەنجىر بىلەن بىر-بىرىگە باغلانغان بولۇپ. ناھايىتى كېسەل ۋە تۈگىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. يېنىدا ئىككى ساقچى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇچاقلىشىشى ۋە يىغلىشى چەكلەنگەن ئىدى. ئىككىنچى قېتىملىق زىيارەتتە، قالىيوللانىڭ قولى ۋە پۇتىدا كىشەن يوقتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئەمدى كىشەنگە ئېھتىياج يوق ئىدى. قالىيوللا ھەم پالەچ بولۇپ قالغان ھەم ھوش-كاللىسى جايىدا

www.uyghurkitap.com

ئەمەس ئىدى. خىتاي سىرتىدىكى ئۇيغۇللىرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە توردا بەرگەن گۇۋاھلىقىنى توختىتىش ئۈچۈن، ئائىلىسىدىكىلەر دائىرىلەر تەرىپىدىن تەشۋىقات فىلىمى ئىشلەشكە مەجبۇرلانغان، ئۇلار قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىسىنى يەنە لاگېرغا ئېلىپ كەتكەن. قالىيوللانىڭ ئوغلى ئاقىقات دادىسىنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى خېلى كېيىن بىلگەن، ئەمما قانداق ۋە قايسى ۋاقىتتا ئۆلگەنلىكىنى ئەمەس، پەقەتلا دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ۋە جەسىتىنىڭ تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلمىگەنلىكىنى بىلەلىگەن.[89]

بارلىق گۇۋاھچىلار، ئاياللار ۋە ئەرلەر لاگېرلىرىدا ئايدا ئىككى قېتىم ئىشىك دېرىزىسىدىن سوزۇلغان قولدىن ئېلىنغان قان ئەۋرىشكىسى ۋە قەرەللىك ھالدا يۇتۇشقا مەجبۇرلانغان دورىلارنى تىلغا ئالىدۇ.

خىتاينىڭ لاگېرلارنى «تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ تەسۋىرلىشى پۈتۈنلەي خاتا ئەمەس. ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى، بولۇپمۇ جازا لاگېرلىرىدا، ھەر كۈنى 14-15 سائەت داۋام قىلىدىغان «تەربىيە» بار. ئەمما ھىچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇسۇلدىكى تەربىيە.

جازا لاگېرىدا خىتايچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا مەجبۇرلانغان، ئۆزبېكىستاندا تۇغۇلغان قەلبىنۇر سىدىق زىيارىتىمىزدە، لاگېردىكى تەربىيە ۋە شارائىتنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېدى: «تۆت قەۋەتلىك بىر بىنا. كىرىش ئېغىزىدا ئېلېكترونلۇق سكانېرلاش ئۈسكۈنىلىرى، تاملىرىدا ئېگىز تۆمۈر سىملار، بارماق ئىزى بىلەن كىرگىلى بولىدىغان قوش قاتلىق تۆمۈر ئىشىكتىن ئۆتۈپ، چوڭ بىر زالغا كىرىسىز.

بۇ يەردە ئۈستەل ياكى ئورۇندۇق يوق ئىدى. پەقەت بالىلارلا ئولتۇرالايدىغان كىچىك تۆمۈر ئورۇندۇق بار ئىدى. مەن دوسكىغا قاراپ خىتايچە خەتلەرنى يېزىشقا باشلىغىنىمدا، كەينىدىن يىغلىغان ئاۋازلار كېلەتتى. كەينىمگە قارىغىنىمدا، ياشقا چوڭ كىشىلەرنىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ ساقاللىرىنى بويلاپ ئاققانلىقىنى كۆرەتتىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 60-70 ياش ئارىلىقىدا ئىدى. بۇ يەردە يەنە 7 ئايال بار بولۇپ، ئۈچى 70 ياشتىن ئاشقان، قالغانلىرى 60 ياشتىن ئاشقان ئاياللار ئىدى. 2017-يىلى 3-ئايدىن كېيىن، لاگېرغا كەلگەنلەرنىڭ سانى كۆپەيدى. لاگېردا يەتتە - سەككىز مىڭ ئادەم بار ئىدى. ھەممىسىنىڭ كىيىمگە نومۇرى يېزىلغان ئىدى. مەن ئەتىگەندىن كەچكىچە دەرس ئۆتەتتىم. دەرس ئاخىرلاشقاندا، ساقچىلار بىلەن ئۆيگە قايتاتتىم. كۈندۈزى تېلېفون ئىشلىتىشىمگە رۇخسەت قىلىنمايتتى.

[89] ئاقىقات قالىيوللا بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 25-كۈندىكى سۆھبەت.


稳定是福、动乱是祸

«خىتاي كومپارتىيىسى بولمىسا، بىزمۇ بولمايتتۇق» دېگەندەك ناخشىلارنى يادلاتقۇزاتتى. مەن دەرس ئۆتكەن تۇنجى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياشقا چوڭ دىنىي زاتلار بولۇپ، خىتايچە بىلمەيتتى. كېيىن كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى چەتئەلگە چىققان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئۇلار خىتايچىنى بىلەتتى. مەسىلەن، تۈركىيەدە بىلىم ئالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى مېنىڭ لاگېرىمدا ئىدى. ئامېرىكىدا، مىسىردا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارمۇ كۆپ ئىدى. خەتەرلىك قارالغان دۆلەتلەرگە ساياھەتكە بارغانلارمۇ لاگېرلارغا ئېلىپ كېلىنەتتى. تېلېفونىدا شۇ يەرگە بارغاندا چۈشكەن سۈرىتى بولغاچقا، تۇتۇلغانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. مەن بۇلارنى ساقچىلار بىلەن بولغان پاراڭلىشىش جەريانىدا بىلدىم.

مەن لاگېردىكىلەر بىلەن دەرستىن سىرت باشقا دىئالوگ قۇرالمىدىم. بىزنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئالاقە قىلىشىمىز قەتئىي چەكلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، مېنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئۆيۈمنىڭ يېنىدىكى مەسچىتتە ئىماملىق قىلغان بىرسى بار ئىدى. بىر ۋاقىتتا ئۇ: «مېنىڭ بەش بالام بار، بالىلىرىمغا مېنىڭ بۇ يەردە هايات ئىكەنلىكىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ» دېدى، ئەمما مەن ئۇ ئادەمگە جاۋاپ قايتۇرالمىدىم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ كىشى غايىب بولدى. ئىمامدىن كېيىن، يەنە بىر ياش بەرداشلىق بېرەلمەي، چۈشتە سىرتقا چىققاندا: «مېنىڭ ئۇرۇمچىدىكى سىزنىڭ ئۆيىڭىز بار رايوندا كۆكتات دۇكىنىم بار. ئۇ يەردە ئايالىم بار، يەڭگىش ئالدىدا. ئۇنىڭغا مېنىڭ بۇ يەردە هايات ئىكەنلىكىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ» دېدى. ئاندىن ئۇ بالىمۇ غايىب بولدى. لاگېرغا ئېلىپ كېلىنگەن كىشىلەردىن ئائىلىسىنىڭ هېچقانداق خەۋىرى يوق. دادىسىنىڭ بالىسىدىن، بالىسىنىڭ دادىسىدىن خەۋىرى يوق. ئەگەر بىرەيلەننىڭ جۆرىسى ئېلىپ كېتىلگەن بولسا، ساقچىخانىغا بېرىپ «جۆرەم نەدە؟» دەپ سورىسا، «ئەگەر يەنە سورىساڭ، بىز سېنىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئاپىرىپ قويىمىز» دەپ تەھدىت سالاتتى. لاگېرغا بارغان ۋاقتىمدا ئەسلا گەپ قىلالمايتتىم. مەن لاگېردا دەرس باشلاشتىن بۇرۇن، ئىمزا قويغان قەغەزلەردە دەرس ئۆتۈۋاتقان جاي هەققىدە باشقىلارغا هېچ نەرسە دېمەسلىكىمىز توغرىسىدا قاتتىق ماددىلار بار ئىدى. ئەگەر باشقىلارغا دېسەم، تۇغقانلىرىمنى لاگېرغا ئاپىرىپ سولايدىغانلىقى هەققىدە تەھدىت سالغان ئىدى. شۇڭلاشقا مەن هېچكىمگە تىنالمىدىم. ئەمما مەن باشقىلارنىڭ لاگېر هەققىدە پاراڭلاشقانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن دەرستىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقاندا، بەزىدە ساقچىلار مېنى ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە ئاپىرىپ قوياتتى. بەزىدە ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. بەزىدە ئولتۇرالمىسام، يولدىن ئۆتكەن ئۇيغۇر شوپۇرلارنىڭ ماشىنىسىغا چىقاتتىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى: «مەن ئوغلۇمغا ئايروپىلان بېلىتى ساتىدىغان ئىش ئورنى ئېچىپ بەرگەن ئىدىم» دېدى. ئۇنىڭ ئوغلى تۈركىيەگە ماڭىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتىدىن ئىككىنى سېتىپتۇ، ئاندىن ئۇ بالىنى بۇ سەۋەبتىن لاگېرغا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ بىلەت ساتقانلىقى ئۈچۈن: «سەن تېرورچىلارغا ياردەم بەردىڭ» دەپ گۇناھ ئارتىپتۇ. ئۇ كىشى بىر ياقتىن يىغلاپ بىر ياقتىن ساقچىخانىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئوغلىنى ئىزدەپتۇ.

مەن دەرس ئۆتكەن 6 ئاي جەريانىدا، كىشىلەر قەتئىي يۈيۈنالمىدى. تازىلىق ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن بىر مىنۇتلا ۋاقتى بار ئىدى. ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ چېچى چۈشۈرۈۋېتىلدى.

بىز ئىزچىل خىتاي كوممۇنىستىنى مەدھىيىلىگەن ناخشىلارنى ئۆگىنەتتۇق. مەھبۇسلار دەرس يوق چاغدا، كامېردا تامغا قاراپ ئولتۇراتتى. بىز دەرس ئۆتۈۋاتقان ۋاقىتتا، ساقچىلار كېلىپ، 5ـ6 كىشىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېتەتتى. دەرسخانىنىڭ ئاستىدا سوراق ئۆيى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق، داۋاملىق ۋاقىرىغان ئاۋازلار كېلەتتى. قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغانلار بىر ئاي دەرسكە قاتنىشالمايتتى. ئېغىر قىيناشلارنى باشتىن كەچۈرەتتى. مەن بىر ساقچىدىن «قانداق قىينايسىلەر؟» دەپ سوراپ باقتىم. توكلۇق ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزىدىكەن، يولۋاس ئورۇندۇق، باشقا كىيگۈزىلىدىغان توك بېرىدىغان ئۈسكۈنە، يەنە قولغا كىيگۈزىلىدىغان پەلەيگە ئوخشاش لېكىن قولنى كۆيدۈرىدىغان قىيناشلارنى تەسۋىرلەپ بەردى. كارخانا خوجايىنى بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ خىتايچە ۋە كوممۇنىست ناخشىلىرىنى تېزراق ئۆگەنسەم، ئەركىنلىككە چىقالايمەن دەپ ئويلىغان چېغى، ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگىنەتتى. ئۇ ئادەمنى سوراق ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى، كېيىن ئۇ قايتىپ كەلمىدى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇنى سوراقتا تارتىش جەريانىدا، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قازا قىلغانلىقىنى ئېيتتى. سوراققا ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، قايتۇرۇپ كەلمىگەنلەرنى سورىغىنىمدا، ئۇلار ھەمىشە ئوخشاش گەپلەرنى قىلاتتى. بېرىپ قايتىپ كەلمەيدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككىسىنىڭ جەسىتىنى شەخسەن كۆردۈم. لاگېردىكى ھەممەيلەنگە كۈندە ئۈچ قېتىم بىر مىنۇت ھاجەتخانا رۇخسىتى بېرىلەتتى. بىر مىنۇتتا چىقمىغانلارنىمۇ قىينايتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەزى بېزى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئىدى.

مەن لاگېر دەسلەپ قۇرۇلغان چاغدا كەلگەن ئىدىم. شۇڭلا مەن بەزى كىشىلەرنىڭ دەسلەپ كەلگەن ۋاقىتتىكى ھالەتلىرى بىلەن ھازىرقى ھالىتىنى سېلىشتۇراتتىم. ئۇلار يەردە ياتاتتى. ئورۇندۇقمۇ يوق ئىدى. ئۇلار يەردە، داق بېتوندا ئولتۇرۇپ تامغا قارىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار كۈن نۇرىنى ھەرگىز كۆرمەيتتى، دەسلەپتە كەلگەندە، ياشقا چوڭلار قارىماققا ساغلام كۆرۈنەتتى، ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلار ئولتۇرۇپ قوپالمايتتى. ھەممىسى كېسەل چىراي كۆرۈنەتتى. ئەھۋالى ئىنتايىن ناچار ئىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھوش ـ كاللىسىنى يوقىتاتتى. پەقەت قاراپلا تۇراتتى. بىز دەرسنى پەقەت ۋەزىپە ئۈچۈنلا ئۆتەتتۇق. ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، مەندىن ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنى تەلەپ قىلغان بىر قانچە كىشى سوراققا ئېلىنغان ۋە قايتىپ كەلمىگەن ئىدى. شۇڭا ھېچكىم گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى. تونۇش چىرايلارنى كۆرەلمىگىنىمدە، ساقچىلاردىن سورايتتىم: «بىز ئۇلارنى خىزمەتكە ئەۋەتتۇق» ياكى «ئۇ كېسەل بولۇپ قازا قىلدى» دىگەن جاۋاپنى ئالاتتىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھالال ئەزا ئوبيېكتى بولۇپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ بولسا زاۋۇتلارغا مەجبۇري ئەمگەككە ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.[90]

[90] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 24ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

www.uyghurkitap.com

لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەنلەر ئارىسىدا ياشانغانلارنىڭمۇ بولۇشى ئۆلۈم نىسبىتىنى ئاشۇرىدىغان بىر ئامىل. ئۆلگەنلىكى ئۇقتۇرۇلغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ جەسىتى سىرتتىكى تۇغقانلىرىغا بېرىلمايدۇ. شاھىتلارنىڭ قارىشىچە، جەسەتلەرنى بەرمەسلىكتىكى سەۋەپ، قىيناش ئىزلىرىنىڭ ئاشكارىلانماسلىقى ئۈچۈن، دائىرىلەر قوللانغان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى ئىكەن. شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن يىللار ئىلگىرى پىنسىيەگە چىققان 90 ياشلىق ھۆرمەتكە سازاۋەر داڭلىق دىنىي ئالىم ۋە پروفېسسور ئابىدىن ئايۇپ لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇلغان يېشى ئەڭ چوڭ كىشىلەرنىڭ بىرى. بىز زىيارەت قىلغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرى بولغان شەمسىيە ئېلى ھامىسى (ئابىدىن ئايۇپنىڭ كېلىنى ئاسىيە مەمەت) قاتارلىق بۇ ئائىلىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرىنىڭ لاگېردا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ خەۋرىنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى دەلىللىدى.[91]

پروفېسسور ئابىدىن ئايۇپنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر باشقا ئۇيغۇر دىنىي ئۆلىمالىرى بىلەن بىللە تۇمشۇق تۈرمىسىگە قامالغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

لاگېرلاردا خىتايچە دەرس ئۆتكەن قەلبىنۇر سىدىقمۇ مويسىپىت دىنىي ئۆلىمالار ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى بىز بىلەن ئورتاقلاشتى: «مەن دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن كىرگەن چوڭ زالدا، قول ۋە پۇتلىرى كىشەنلەنگەن ۋە زەنجىر بىلەن باغلانغان دىنىي خادىملارنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىدىن بەك ھەيران قالدىم. مەن دوسكىغا خىتايچە خەت يېزىۋاتقاندا، كەينىمدىن يىغلىغان ئاۋازلار كېلەتتى. كەينىمگە بۇرۇلۇپ قاراپ، بۇ مويسىپىت دىنىي ئۆلىمالارنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. ئۇلارنىڭ ۋەيران بولغان ھالىتىدىن ئىچىم شۇنداق ئېچىشاتتى. ھەممىسىنىڭ يېشى چوڭ ئىدى، مەن كىشەنلەنگەن ۋە زەنجىر بىلەن باغلانغان شۇ كىشىلەرنىڭ يىغلىغان ھالەتلىرى ئېسىمدىن قەتئىي چىقمايدۇ».[92]

لاگېردابىر يىلغا يېقىن تۇرغان تاكسى شوپۇرى باقىتئالى، ئۆزىنىڭ ئالغان تەربىيىسى ۋە شارائىتىنى مۇنداق چۈشەندۈردى: «قىزىتمام ئۆرلىگەندە، ئۇلار مېنى ئۇ يەردىكى خىتاي دوختۇرنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. مېنىڭ قىزىتمامنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى، ئەمما دوختۇر: «بۇ يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى ئۇرۇڭلار، راست گەپ قىلسۇن» دېدى. ساقچىلار مېنى كالتەك بىلەن شۇنداق قاتتىق ئۇردى. ئۇلار مېنى ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە دەرسكە ئېلىپ باردى. مەن ھەم كېسەل، ھەم تاياق يېگەن بولساممۇ ئۇلار يەنىلا مېنى دەرسكە ئېلىپ باردى ۋە مېنى ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ يەردە تاياق يېگەندە بېلىكىم سۇنۇپ كېتىپتۇ. لاگېردىن چىققاندىن كېيىن، مەندە 9 خىل كېسەللىك چىقتى. بۆرەك، ئۆپكە، يۈرەك، ئاشقازان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە مەسىلە بار.

يەنە بىر قېتىملىق تاياقتىن كېيىن، قول ۋە پۇتلىرىم ئىششىپ كەتتى، ھوشۇمدىن كېتەيلا دەپ قالغان ئىدىم. مۇشۇنداق ناچار ھالەتتە تۇرساممۇ يەنە مېنى دەرسكە ئاپىراتتى. ناخشا ئېيتماقچى بولسامۇ، ناخشا ئېيتقۇدەك ياكى يادلىغۇدەك ماجالىم يوق ئىدى. ئالدىمدىكى يىگىت ئايلىنىپ چۈشتى، ھېچقانداق ھەرىكەت قىلالمىدى. ئۇ يەردىكى خىتاي دوختۇرنى چاقىردى. ئۇ خىتاي دوختۇر: «بۇمۇ يالغانچى» دېدى. ئۇ يىگىت قانچە سائەت ياتاتتى، ئەمما

[91] شەمسىيە ئەلى بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[92] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمىدى. سىرتتىن كەلگەن دوختۇر ئۇ يىگىتنى تەكشۈرگەندىن كېيىن: «مېڭىسىگەن قان چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن» دېدى. ئاندىن ئۇ يىگىتنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىز ئۇنى قايتا كۆرمىدۇق. ئۇ تېخى 36 ياشتا ئىدى. ئىسمى ئابلىمىت بولۇپ چاپچال ناھىيىسىدىن ئىدى.

مەن يەنە بىر يىگىتنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيمەن، ئۇمۇ ئۇيغۇر ئىدى. ئۇ يىگىت جازا لاگېرىدىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلدى. قايتىپ كېلىپ، كۆكرىكىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ۋە قايتا تىكىلگەنلىكىنى بايقىدۇق. ئەتىسى ئۇ بالا قازا قىلدى. ئۇ يىگىتمۇ چاپچال ناھىيىسى مازار يېزىسىدىن ئىدى».[93]

ئالتاي ۋىلايىتى جىمىنەي ناھىيىسىدىن لاگېر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان تابىسخان مارۇبقاندىن ئاڭلىغانلىرىمىز باشقا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن ئوخشاش: «پىسخىكىسى بۇزۇلغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھېچ گەپ قىلالمايتتى، بەزىلىرىنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىيتتى. باش ئاغرىغىنىغا چىدىيالماي بېشىنى تامغا ئۇراتتى. بىز ئۇلارنىڭ بېشىنى ئۇرماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى تۇتۇۋالاتتۇق. بىرىنچى قەۋەتتە ئويلىشىش ئۆيى دەپ ئاتىلىدىغان ئۆي بار ئىدى. ئۇ يەردە قىيناشمۇ ئېلىپ بېرىلاتتى. تاملاردا ھېچقانداق قوغدىنىش ئەسلىھەسى يوق ئىدى. ئەگەر بىرسى بېشىنى تامغا ئۇرماقچى بولسا، دەرھال تۇتۇۋېلىشىمىز كېرەك ئىدى. ھەممە ئادەم بىر ئادەمگە مەسئۇل بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالماسلىقى ئۈچۈن كۆزەتچىلىك قىلاتتى. ئەگەر قاماقتا ئالتە كىشى بولسا، تۆت كىشى ئۇخلايتتى، ئىككى كىشى ئۇخلىماي كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدىغانلارنىڭ چىقماسلىقى ئۈچۈن، بۇ يەرنىڭ تەرتىپى مۇشۇنداق ئىدى. چۈنكى ھەممەيلەننىڭ نەزىرىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش ئەركىنلىككە ئېرىشكەنگە تەڭ ئىدى».[94]

باقىتئېلى نۇرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بايانلارنى قىلىدۇ: «مەن ھەر كۈنى پىسخىكا ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قىيناشقا دۇچ كەلدىم. قىيناشقا ئۇچرىمىغان كۈنلەردىمۇ، مەن كوممۇنىست ئىدىئولوگىيىسى ۋە خىتايچە ئۆگىنىش ئۈچۈن 15-16 سائەت تۆمۈر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقتىن. ھەممە يېرىم ئىششىپ كەتكەن ئىدى. ھەمىشە قورسىقىمىز ئاچ ئۇسسۇز ئىدۇق. پەقەت تۆت سائەتلا ئۇخلىيالايتتۇق. كاللامدا ۋە دۇئالىرىمدا داۋاملىق ئۆلۈمنى تىلەيتتىم. ئۆلسەم قۇتۇلىمەن دەپ ئويلايتتىم، ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىم ئۆلۈم ئىدى».[95]

---

[93] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[94] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[95] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى سۆھبەت.

www.uyghurkitap.com



# ئىلھام توختى

داڭلىق ئۇيغۇر ئاكادېمىك، ئىقتىسادشۇناس، بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئىلھام توختى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر باشلامچىلىرىدىن بىرى. ئىلھام توختى ھەم ئۆز ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ئاكادېمىك، شۇنداقلا خىتايچىدىن باشقا ئىنگلىزچە، ياپونچە، ئوردۇچە، كورىيەچە ۋە رۇس تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان دۇنياغا داڭلىق زىيالىي. ئۇيغۇرچىدىن باشقا نۇرغۇن تۈرك شىۋىلىرىدا پاراڭلىشالايدۇ. 2000-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، پروفېسسور ئىلھام توختى «قۇچقىدا چوڭ بولدۇم» دەيدىغان ئۆز خەلقىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا تەتقىقاتىنى كۈچەيتتى.

ئۇ خىتاي زىيالىيلىرى بىلەن قويۇق دوستلۇق ئورناتقان بولۇپ، پات-پات ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئورتاقلىشىدىغان خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەنمۇ ئالاقىسى بار ئىدى. ئىلھام توختى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دىئالوگنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان پوزىتسىيىسى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى: «ئۇيغۇر رايونىدا ئۇيغۇرلار ۋە خىتايلارنىڭ قول تۇتۇشۇپ تەرەققى قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مېنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيىتىم... ئۇيغۇر مەسىلىسى ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ دىئالوگى ئاساسىدا ھەل بولىدۇ»[96] دېگەن ئىلھام توختىنى، خىتاي سىرتىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر سەرخىللىرى خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلىقى ۋە دىئالوگنى مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش چارىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن تەنقىد قىلاتتى. لېكىن پروفېسسور ئىلھام توختى قوللىغۇچىلىرى ۋە تەنقىد قىلغۇچىلىرى، شۇنداقلا خىتاي ۋە غەرب زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئىزچىل ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىسىم بولۇپ كەلدى.

ئىلھام توختى خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە تاشلىۋېتىلىشىنى، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىنسانىي ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىنىشىنى ۋە قەرەللىك ھالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قىرغىنچىلىقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا تىلغا ئېلىنغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى قولىغا «ھەقىقىي» بەرگەندىلا، ئاندىن مۇمكىن دەپ قارايتتى. «پادىشاھ يالغاچ دەيدىغان مىليونلىغان كىشىلەرنى جازالاشنىڭ ئورنىغا، پادىشاھقا كىيىم كىيگۈزۈش ھەققى دۆلىتىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پۇل تېجەمەمدۇ؟» - دەيتتى پروفېسسور ئىلھام توختى.[97]

---

96 İlham Tohti. (2015). Hapisteki Lider İlham Tohti Yolum ve Gayem: Uygur Türkleri ve Çin Meselesi. Şira Yayınları. Eylül (2015). Derleyen Hamit Göktürk.

97 İlham Tohti. (2009). Pekin Milletler Üniversitesi'nde yapılan söyleşi. 29 Ekim 2009.

ئىلھام توختىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە سۆزى بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىدى. «بۇ دۆلەتتە ئىككى خىتاي بار: بىرى جەمئىيەتتىكە، يەنە بىرى دۆلەتتىكە تەۋە. مەن جەمئىيەتتىكە تەۋە خىتاينى ياخشى كۆرىمەن. مەن ئۇمىدلىرىمنى، خىياللىرىمنى جەمئىيەتتىكە تەۋە خىتايغا باغلايمەن. شۇڭلاشقا مەن ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشىۋاتىمەن»[98] دېگەن ئىدى. ئۇ بۇ نۇتۇق ۋە ئۇسلۇبى بىلەن خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن تېرورلۇققا باغلىمايدىغان بىر ئىسىم ئىدى.

ئىلھام توختى قولغا ئېلىنىشتىن سەل بۇرۇن، ئۆزىنىڭ تارتقان جاپاسىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كۆچلۈك بېسىمىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىكى خىتاي خەلقىنىڭ خۇشنىنشىگە باغلىق. باشقا يوللار بىلەن ئەركىنلىك تېپىشىمىز بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قىيىن. شۇڭلاشقا مەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىنى خىتاي جەمئىيىتى ۋە ھۆكۈمىتىگە چۈشەندۈرمەكچى بولدۇم ... مەن خىتايلارنىڭ ۋىجدانىغا مۇراجىئەت قىلدىم. مەن دىئالوگ ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلماقچى ئىدىم، ياخشى نىيەت بىلەن ھەرىكەت قىلدىم. ئەمما ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مۇددىئاسى ناچار. ئۇلارنىڭ مېنى يوقىتىش ئىرادىسىگە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن».[99]

پروفېسسور ئىلھام توختى 2013-يىلى 2-ئايدا بېيجىڭ ئايرودرومىدا قولغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ قىزى بىلەن چەتئەلگە ماڭغان ئىدى. قىزى جەۋھەر ئىلھامنىڭ چېگرادىن چىقىشىغا يول قويغان دائىرىلەر ئىلھام توختىنىڭ چېگرا سىرتىغا چىقىشىغا يول قويمىدى. 2014-يىلى 1-ئايدا ئۆيىدە تۇتۇپ كېتىلگەن، 2014-يىلى 9-ئايدا بۆلگۈنچىلىك ۋە مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى بىلەن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ئېلان قىلىنغان.

ئىلھام توختى قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى ماقالىسىنىڭ بىرىدە، ئۆز خەلقىگە، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ زادى نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۈچۈر بەرگەن: «ئەگەر ئۇلار تۈرمىدە ئۆلۈۋالدى دېسە، خەلقىم بۇنىڭغا ئىشەنمىسۇن. مەن ئەسلا ئۆلۈۋالمايمەن».[100]

2014-يىلى جازا لاگېرلىرىنىڭ تۇنجى سىناق نۇسخىسى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يولغا قويۇلغان يىل ھېساپلىنىدۇ. ئىلھام توختىنىڭ 2013-يىلى چەتئەلگە چىقىشىغا يول قويۇلمىغانلىقى ۋە 2014-يىلى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاز دېگەندە 2013-يىلدىن باشلاپ ئەقلىگە سىغمايدىغان بىخەتەرلىك ۋە رادىكال جازا لاگېرلىرىدا، خىتايلاشتۇرۇش تۈرىنى پىلانلىغانلىقى توغرىسىدا گۇمان تۇغدۇرىدىغان نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ بىرى.

---

[98] İlham Tohti. (2009). Pekin Milletler Üniversitesi’nde yapılan söyleşi. 29 Ekim 2009.

[99] İlham Tohti. (2009). Pekin Milletler Üniversitesi’nde yapılan söyleşi. 29 Ekim 2009.

[100] İlham Tohti. (2014). Radio Free Asia (Hür Asya Radyosu) mülakatı. RFA Uygurca Kanalı. 31 Ocak 2014.



## يالقۇن روزى

يالقۇن روزى مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوبزورچىسى، نەشرىياتچى، تەھرىر ۋە يازغۇچى شۇنداقلا شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىمۇ ھوقۇقلۇق زات، يالقۇن روزى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھوقۇقدار دەپ قارىلاتتى. ئۇ 2016-يىلى ئۆكتەبىردە قولغا ئېلىنغان بولۇپ، 2018-يىلى ئۇنىڭ 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ئېلان قىلىندى.



# پەرھات تۇرسۇن

شائىر ۋە رومان يازغۇچىسى. ئۇ 1999 ـ يىلى نەشر قىلىنغان تۇنجى رومانى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى فروئىد، شوپېنخاۋۇرنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ۋە پەلسەپىۋى ئانالىزلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسى ئۇچۇن ئىنتايىن يېڭىلىق ئىدى. ھەر يېڭى شەيئىگە ئوخشاش، بۇ خىل غەلىتە پىكىر ئۇسلۇبى تەنقىدلەندى. بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئىسىملىرىدىن بىرى بولغان يالقۇن روزىنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىغان. پەرھات تۇرسۇننىڭ لىبىرال قەلىمى نۇرغۇن كىشىلەرنى رەنجىتكەن ئىدى. بەزىلەر ئۇنى خىتاينىڭ سالمان رۇشدى دەپمۇ باقتى. ئىككەيلەننىڭ ئەدەپلىك باشلاپ كېيىن تېخىمۇ قىززىغان ئەدەبىي مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلىمىغانلار بولمىسا كېرەك.

پەرھات تۇرسۇن 2015 ـ يىلى ئۆكتەبىردە، Foreign Policy نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېگەن: «دىن ئىنتايىن ياخشى ئىش، خۇددى ئەدەبىياتقا ئوخشاش، خۇددى شېئىرغا ئوخشاش، ئۇ ناھايىتى گۈزەل، ئەمما بەزى كىشىلەر دىننى بەك قورقۇنچلۇق قىلىۋېتىدۇ».

ئۇ 2018 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قولغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ 2019 ـ يىلى 16 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر تارقالغان، ئەمما تېخىچە جەزملەشتۈرگىلى بولمىدى.

ئۇنىڭغا ئەڭ كۆپ قارشى چىققان يالقۇن روزى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئورتاقلىقلىرى بار ئىدى: ئىككىلىسى ئەدەبىياتچى، ھەم ئۇيغۇر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوخشاش قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشىدىكى سەۋەب: ئۇيغۇر بولۇشى ئىدى.



## ئابدۇقادىر جالالىدىن

مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى، ئاكادېمىك. ئابدۇقادىر جالالىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پروفېسسورى ئىدى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاكادېمىكلىرىغا ئوخشاش، ئۇمۇ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ 2018-يىلى 29-يانۋار بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈلۈپ ئۆيىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. دائىرىلەر ئۇنىڭ «قايتا تەربىيىلەش» لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇ تۇتۇپ كېتىلگەن كۈندىن باشلاپ ھېچقانداق خەۋەر يوق.[101] ئابدۇقادىر جالالىدىن لاگېردا يازغان/ ئوقۇغان ۋە ئۇ بىللە تۇرغان بىر قىسىم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار سىرتقا چىققاندىن كېيىن باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشقان بىر شېئىرى، جازا لاگېرلىرىنىڭ تۇنجى ئاشكارىلانغان ئەدەبىي مەھسۇلاتى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ:

[101] بابۇر جالالىدىن بىلەن 07.04.2021 كۈندىكى سۆھبەت.

## يانارىم يوق

بىر بۇلۇڭدا يىگانىمەن نىگارىم يوق
كىچەلىرى قارا باستى تۇمارىم يوق
بۇ ھاياتتىن ئۆزگە يەنە خۇمارىم يوق
جىمجىتلىقتا خىيال ئەزدى ئامالىم يوق

مەن كىم ئىدىم نىمە بولدۇم بىلەلمىدىم
كىمگە دەيمەن دىل سۆزۈمنى دىيەلمىدىم
يا پەلەكنىڭ خۇي پەيلىنى سېزەلمىدىم
يار قېشىغا باراي دەيمەن قارايىم يوق

پەسىللەرنى بىلىپ تۇردۇم روجەكلەردىن
ھېچبىر خەۋەر ئالالمىدىم چېچەكلەردىن
بۇ سېغىنىش ئۆتۈپ كەتتى سۆڭەكلەردىن
قانداق يەر بۇ بارارىم بار يانارىم يوق

ئابدۇقادىر جالالىدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 5.5. لاگېردىكى ئايالىلار

لاگېرلاردا بىر يىلدىن كۆپرەك تۇرغان گۈلباھار جېلىلوۋا ۋە لاگېردا 6 ئاي رەسمىي خىتاي تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن قەلبىنۇر سېدىقنىڭ ھېكايىلىرى قورقۇنچلۇق كىنودىكى كۆرۈنۈشلەرگە ئوخشايدۇ.[102-103] بىز ئوخشىمىغان ۋاقىت ۋە شەھەرلەردە لاگېرلاردا تۇرغان گۈلباھار ۋە قەلبىنۇردىن تەپسىلىي ئاڭلىغانلىرىمىز، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان باشقا ئاياللارنىڭ ۋە ئەرلەرنىڭ ئاياللار ھەققىدە بەرگەن چەكلىك دەرىجىدىكى گۇۋاھلىق سۆزىگە ماس كېلىدۇ.

لاگېرلاردا 14ـ80 ياش ئارىلىقىدىكى ئاياللارنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. دەسلەپكى تۇتۇپ تۇرۇش ۋە سوراقتىن كېيىن لاگېرلارغا يۆتكەلگەن ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشىمايدىغان بىرىنچى تەرتىپ ـ ئۇلارنىڭ قان ۋە سۈيدۈكىنى تەكشۈرۈپ ھامىلدار ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاش. ھامىلدار ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇش ۋاقتىنىڭ قاچان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھامىلە مەجبۇرىي چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ. مىسىردىكى مەشھۇر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن 24 ياشلىق زەينەپ ئابدۇررېشىت ئىككى ئايلىق ھامىلدار بولۇپ، لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىشتىن بۇرۇن تەكشۈرۈپ بىلگەن ئىدى. ھامىلدارلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پۈتۈن ئالامەتلەر بار ئىدى. ئۇ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، (يولدىشى تۇرغان دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك تىرىشچانلىقى بىلەن) ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇنىڭ «ھامىلدار ئەمەسلىكى»نى ئۇقتۇردى.[104] ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش لاگېرلاردىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئەمەس. خىتاي ھۆكۈمىتىدە ئۇزۇندىن بۇيان قاتتىق بالا چۈشۈرۈش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ كەلمەكتە. مەلۇمكى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئاياللار بالا نورمىسىدىن سىرت ھامىلدار بولۇپ قالغان بولسا، يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، ھەرگىز ئۆيدىن چىقمايدۇ، ئۆزىنى ئۆيگە نەزەربەنت قىلىدۇ. نۇرغۇن شاھىتلارنىڭ بايان قىلىشىچە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ خىل ھامىلدارلارنى تۇيۇقسىز ئۆيگە زىيارەت قىلىپ كېلىش شۇنداقلا دائىملىق كونترول قىلىش ئارقىلىق بايقاشقا تىرىشىدىكەن. بۇ ھامىلدارلار بايقالغاندا، مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدىكەن ۋە ئوخشاش مەشغۇلاتتا تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسىمۇ ئېلىپ بېرىلىدىكەن. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ دېگەنلىرىگە قارىغاندا، ئاياللارغا قارىتىلغان مەجبۇرلاش بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدىكەن. دائىم مەجبۇرىي ئىچكۈزۈلىدىغان دورىلار سەۋەبىدىن لاگېرلاردىكى ئاياللار ئادەت بولمايدىكەن.

[102] گۈلباھار جېلىلوۋا بىلەن 2021ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 26ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.
[103] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 26ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.
[104] ئالماس نىزامىدىن بىلەن 2021ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 26ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

لاگېرغا ئېلىپ كېلىنگەن بالا ئېمىتىۋاتقان ئانىلارغا ئالاھىدە ئوكۇل ئۇرۇلۇپ سۈتى كېسىۋېتىلگەنلىكىمۇ بايان قىلىنغانلار ئارىسىدا بار. ھاجەتخانىلار ئوچۇق ھالەتتە (قاماقنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى بىر تۆشۈكتىن ئىبارەت) بولغانلىقى ئۈچۈن قاماقتا تۇرغان كىشىلەرنىڭلا ئەمەس، كامېرا ۋە ئەينەك دېرىزىدىن كۆزىتىۋاتقان ساقچىلارنىڭمۇ بارلىقى ئايال ئۈچۈن ئايرىم مەسىلە. ساقچىلار بارلىق ئايال لاگېرلىرىدىمۇ ئوخشاشلا پۈتۈنلەي ئەر كىشىدىن تەشكىل تاپىدۇ (بەزىدە ئىككى خىتاي ئايال ساقچى پەيدا بولۇپ قالىدۇ). ئەرلەرنىڭ لاگېرلىرىدا خىتاي ساقچىلىرى بىلەن ئاز ساندىكى ئۇيغۇر ساقچىلىرى ۋەزىپە ئۆتىسىمۇ، لېكىن ئايال لاگېرلىرىدا قەتئىي ئۇيغۇر ساقچى يوق.

ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى ۋە تۈرمىلەردە بولسا ئاز بولسىمۇ ئايال ساقچىلار بار. بۇ ئەر ساقچىلارنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ ئالاھىدە سەۋەبى بار. 8–10 مىڭ كىشىلىك ئاياللار جازا لاگېرىدا ئوقۇتقۇچى بولغان قەلبىنۇر سېدىق مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاياللار لاگېرىغا بارغان تۇنجى كۈنى، 18–20 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى بىر ياش قىزنى جىددى قۇتقۇزۇش كارۋىتىدا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئەسنادا مەن تونۇيدىغان بىر ساقچىنى كۆردۈم ۋە تۆۋەن ئاۋازدا چۈشتىن كېيىن كۆرۈشۈشكە كېلىشتۇق. بۇ ساقچى ئۇ يەردىكى ئاياللارغا توختىماي ئوكۇل ئۇرۇلىدىغانلىقىنى ۋە دورا ئىچۈرۈلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە باشقا ھەر خىل كېسەللىكلەرگە دائىر تەجرىبە تەتقىقاتى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئېلىپ چىقىپ كەتكەن قىزغا دورا ئەكس تەسىر قىلغان بولۇپ، بىر يېرىم ئايدىن بېرى ئادەتتى توختىماپتۇ ۋە قانسىزلىقتىن قازا قىپتۇ. ساقچىلارنىڭ ھەممىسى خىتاي ئىدى. ئۇلار ئۇ يەردە ئىشلەشكە ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى. چۈنكى ئاياللارغا خالىغان ۋاقىتتا باسقۇنچىلىق قىلالايتتى. مەن ئۇ خىتايلارنىڭ جازا لاگېرىدىكى ئاياللارنىڭ مەقئەتلىرىگە، جىنسىي ئەزالىرىغا، ئېغىزىغا، قۇلىقىغا توك كالتەك تىقىپ قىينىغانلىقىنى داۋاملىق ئاڭلاپ تۇراتتىم. پات–پات سىرتتىن ئۇيغۇر ساقچىلار كېلىپ تۇراتتى. ئۇلار كامىردىكى سوراققا ئېلىپ كېتىلگەن ئاياللاردىن «ئۇلار سىزگە باسقۇنچىلىق قىلدىمۇ؟» دەپ سورايتتى، ئايالار جاۋاب بېرەلمەي، يىغلاشقا باشلايتتى. خىتاي ساقچىلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ ھاراق ئىچكەندە بۇنداق ئىشلارنى بىر–بىرىگە سۆزلەپ بېرىدىكەن. بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قولىقىغا يەتكەن بولغاچقا، بۇنداق ئىشلارنىڭ كەڭ دائىرىدە بىلىنمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇر ساقچىلىرىنى سوراق قىلىش ۋە بىلىپ بېقىشقا ئەۋەتىدىكەن. ئەرلەر لاگېرىدا، ئۇيغۇر ئەر ساقچىلىرىمۇ خىزمەت قىلاتتى. ئەمما مەن ئايالار لاگېرىدىكى ساقچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خىتاي ئىكەنلىكىدىن بەك ھەيران قالغان قالدىم».[105]

---

[105] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021–يىلى 3–ئاينىڭ 26–كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئابدۇللا رەسۇلنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ 72 ياشلىق ھامىسى رىسالەت خانىم، لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ساقچىلار جەسىتىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، ھامىسىنىڭ بەدىنىدىكى قىيىنغان ئىزلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن جىيەنى چەتئەلگە چىققاندا ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلدى.[106]

گۈلباھار ئايالار لاگېردا تۇنجى كۆرگەنلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئۇلار مېنى 704-نومۇرلۇق ئىشىكتىن كىرگۈزدى. كىچىك ئۆيدە نۇرغۇن ئاياللار يانمۇيان زىنجىردە بىللە ياتقان ئىدى. كىچىككىنە كارىدوردەك بىر يەردە ياش قىزلار ساقلاپ تۇراتتى، پاتمىغانلىقى ئۈچۈن ھەممەيلەن ياتالمايتتى. مەن كىرگەن چېغىمدا، ئىچىدىكى ئايالارنىڭ چېچى بەك قالايمىقان بولۇپ كەتكەن ئىكەن، چېچىنى باغلايدىغان رېزىنكىسىمۇ يوق ئىدى. شۇنداق بىچارە ئىدى. «مەن قانداق يەرگە كېلىپ قالدىم؟ مەن گۇناھسىز» دەپ يىغلاشقا باشلىدىم. بىر ئايال مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ: «يىغلىماڭ، بىزمۇ گۇناھسىز، يىغلىسىڭىز سىزگە جازا بېرىدۇ» دېدى.

بىز بىر ئۆيدە 40 ئادەم ئىدۇق. 14 ياشتىن 80 ياشقىچە بولغان كىشىلەر بار ئىدى. ھەممەيلەننىڭ قولى ۋە پۇتىدا كىشەن بار بولۇپ، قول بىلەن پۇت زەنجىر بىلەن چېتىقلىق ئىدى. ئىككى پۇت ۋە بىر قولنى زەنجىر بىلەن باغلايتتى. ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر، ئېگىزلىكى 5ـ6 مېتىر ئەتراپىدا ئىدى. بىر مېتىرلىق كارىدوردەك ھاجەتخانىغا بېرىش ئۈچۈن ماڭالايدىغان بىر بوشلۇق بار ئىدى. ھاجەتخانا كامېرىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئەتراپى ئوچۇق ئىدى، ھاجىتىمىزنى قىلغاندا، ھەممە بىر-بىرىمىز كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بولۇپمۇ كىچىك قىزلار بەك خىجىل بولاتتى. بىزنىڭ ئايدا بىر قېتىم بىر مىنۇت سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنۇشىمىزغا رۇخسەت قىلاتتى. (بۇ رۇخسەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ۋاقتى لاگېرلار ئارىسىدا ئوخشىمايدۇ). سوپۇنمۇ يوق ئىدى. ھاجەتخانىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن قولمۇ يۇيالمايتتۇق. بىر ئايغىچە مۇشۇنداق داۋاملاشتۇردۇق. ئاندىن بەدىنىمىزدە جاراھەتلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى، پىت بېسىپ كەتتى، پىت بولۇپ كەتكەچكە ئۇلار چېچىمىزنى چۇشۇرۇۋەتتى.

ئەتىگەنلىرى موما بىلەن سۇغا ئۇن ئارىلاشتۇرۇپ ئەتكەن سوغۇق ئۇماچ بېرەتتى. چۈشتە پەقەت نانلا بېرەتتى، ئەمما بەك قاتتىق ئىدى، بىر-بىرىمىز بىلەن ناننى بۆلۈشكەن چېغىمىزدا ئىچىنىڭ كۆكىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتۇق، بەزىدە يېسىۋىلەك شورپىسى بېرەتتى، ئىچىدىن يېسىۋىلەك چىققاندا ئۇزىمىزنى تەلەيلىك ھېسابلايتتۇق.

ئالدىنقى ئۈچ ئايدا، ئۇلار بىر-بىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەسلىكىمىز ئۈچۈن ھەپتىدە بىر قېتىم كامېرىمىزنى ئالماشتۇراتتى. كامېردىن ھەممىشە بىرەيلەننى چاقىرىپ ئېلىپ كېتەتتى، ئەمما ئۇلارنى نەگە نېمىشقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقمايتتۇق. لېكىن مەن قىيناش سەۋەبىدىن قازا قىلغان، قايتىپ كېلەلمىگەن، يىغنە سانجىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنى كۆرۈپ تۇراتتىم. بەزىلىرى قايتىپ كەلگەندە تىرناقلىرى تارتىپ چىقىرىۋېتىلگەن، تىرناقلىرى ئارىسىدا يىڭنە سانجىلغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئەقىل ھوشىنى يوقاتقان كىشىلەرنىمۇ كۆردۈم.

[106] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ياشانغان ئايالىلار ھوشىدىن كەتكەندە، ماڭغىلى بولىدىغان تار، قۇرۇق يەرگە ياتقۇزاتتۇق، دوختۇرلار كېلىپ ئۇلارنىڭ يۈزىگە بىر نەرسە سۈرتەتتى. ئىككى ياكى ئۈچ سائەتكىچە ھوشىغا كەلمىگەنلەرنى قولىدىن تۇتۇپلا سۆرەپ ماڭاتتى. بىز ئۇلارنى ئۆلۈپ كەتتى دەپلا ئويلايتتۇق. 27 ياشلىق بىر ياش قىز بولۇپ، ئىسمى ھۆرىيەت ئىدى. ھۆرىيەتنى سوراققا ئېلىپ كەتتى، قاتتىق قىينىۋەتكەچكە، قايتىپ كەلگەندە ئەقلى ھوشى جايىدا ئەمەس ئىدى. داۋاملىق ۋاقىرايتتى، ئۇنىڭ ۋارقىراشنى توختىتالماي، ئاخىرى ئۇلار يېرىم كېچىدە ھۆرىيەتنىڭ بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ قارا ئۆيگە (كامېراسىز كارىۋات بار ئۆي) ئېلىپ كەتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن، مېنى تەكشۈرتۈشكە دوختۇرغا ئېلىپ بارغاندا، مەن ھۆرىيەتنىڭ جەسىتىنىڭ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم.[107] بىز ھۆرىيەت بىلەن پەقەت بىر ھەپتىلا بىللە تۇرغان ئىدۇق. ئۇ يەتتە ياشلىق قىزى بىلەن تۈركىيەگە بارغانلىقى ئۈچۈن لاگېرغا ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى.

ئۇلار بىزگە ئايدا ئىككى قېتىم دورا بېرەتتى. ئاندىن ھەر ئون كۈندە بىر قېتىم ئوكۇل ئۇرۇپ، قېنىمىزنى ئالاتتى. بېرىلگەن دورىلار سەۋەبىدىن قىزلارنىڭ ئادىتى توختاپ قالغان ئىدى. بىز خۇددى ئۇ لاگېردا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالاتتۇق. ئائىلىمىزنى، ئۆزىمىزنى ئويلىيالمايتتۇق. بىزگە قاچانمۇ موما بېرەر؟ دەپ ئويلايتتۇق.

مەن قاراڭغۇ ئۆينى ۋە ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم 25 ياشلىق بىر قىزدىن ئاڭلىدىم، ئۇ لاگېردىكى سوراقخانىدا قوللىرىدىن زەنجىر بىلەن باغلىنىپ ئۆگزىگە ئېسىلىپتۇ، سوغۇق سۇ چېچىپتۇ ۋە زەنجىر بىلەن ئۇرۇپتۇ ــ« سىزگە باسقۇنچىلىق قىلدىمۇ ؟» دەپ سورىغىنىمدا ھەئە ياكى ياق دېيەلمەي، پەقەتلا يىغلىدى. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى ئارزۇخان ئىدى. بۇ مېنىڭ باسقۇنچىلىق ۋەقەسىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم ئىدى. مەن بۇ سوئالنى سورىغان ھەر ئايال يىغلاپ كېتەتتى، مەندىنمۇ بۇ ئىشنى سورىغاندا، مەنمۇ يىغلاشقا باشلىدىم. چۈنكى ئۇلار مېنىمۇ قارا ئۆيگە ئاپىرىشقا باشلىغان ئىدى.

بىز تۇرغان لاگېردا ئىككى سوراق ئۆيى كۆردۈم. بىرى بىرىنچى قەۋەتتە بولۇپ كامېرا بار ئىدى، سوراققا تارتقاندا ۋارقىراپ ـ جارقىراقساقمۇ، ھېچكىم ئاڭلىمايتتى. يەنە بىر سوراق ئۆيىگە بارغىنىمىزدا، بېشىمىزغا قارا خالتا كىيدۈرۈلەتتى. بۇ يەردە كارىۋات بار ئەمما كامېرا يوق ئىدى. مەنمۇ ئۇ يەردە نۇرغۇن قېتىم جىنسىي باسقۇنچىلىققا ئۇچرىدىم، شۇڭا ھازىرغىچە ئەسلىمگە كىلەلمىدىم، ھەر قېتىم تىلغا ئالسام يىغلايمەن. ئۇلار ئۈچ كىشى ئىدى. بىر قېتىم ئۇلار مېنى 24 سائەت سوراق قىلدى، ماڭا سۇمۇ بەرمىدى، ھاجەتخانىغا بېرىشقىمۇ رۇخسەت قىلمىدى. ئۇلار ھەر قېتىم مېنى كامېراسىز قارا ئۆيگە ئېلىپ بارغاندا قانچە قېتىملىقىنى ئۇقمايمەن، ئەمما توختىماي باسقۇنچىلىققا ئۇچرايتتىم. ئىككى ساقچى ئىككى قولۇمدىن تۇتاتتى، يەنە بىرسى باسقۇنچىلىق قىلاتتى. بۇ داۋاملىق بولاتتى. مەن باشتا بارغاندا ئالدىنقى ئۈچ ئاي سوراق قىلىنمىدىم، ئەمما كېيىن سوراققا ئېلىپ چىقتى، قانچە قېتىم سوراققا تارتىلغانلىقىمنى ئۇقمايمەن، ئۇلار كېلىپ مېنى ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى، سوئال سورايتتى، ئاندىن باسقۇنچىلىق قىلاتتى، ئاندىن كامىرغا ئەكەپ قوياتتى، بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى...

[107] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

36 ياشلىق گۈلزارە دەپ بىر قىز بار ئىدى. ئاقسۇلۇق بولۇپ، ئۈرۈمچىدە تىككۈچىلىك قىلاتتى. گۈلزارە ھەر قېتىم ئۇ يەردىن ئېلىپ كېلىنگەندە، يۈزى-كۆزى قانغا بويالغان، تاياق ئىزلىرى بىلەن كېلەتتى. ئۇ يەردە قانۇنىي يوللار بىلەن سوراق قىلىش يوق ئىدى. ئۇلار كاللىسىغا كەلگەنچە، ئەيىبلەش ھۆججەتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، سوراق قىلىش باھانىسى بىلەن ئەچىقىپ كېتىپ، باسقۇنچىلىق قىلاتتى.

ئۇ يەردە ياش پەرقىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى. مېنى لاگېرغا ئېلىپ بارغاندا 52 ياشتا ئىدىم. ئۇ يەردىكى قىينايدىغان ۋە باسقۇنچىلىق قىلىدىغان ساقچىلارنىڭ كۆپىنچىسى20 نەچچە ياشلىق خىتاي ساقچىلىرى ئىدى. ئۇلارغا: «ئاناڭ ياكى سىڭلىڭ يوقمۇ؟» دېسەم، ئۇلار: «سەن دېگەن ھايۋان، سەن دېگەن مەينەت، ئانام ياكى ئاچام ئەمەس» دەيتتى. ئۇ كامىردىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ يېشى قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى بىلىمەن».[108]

---

[108] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.



## تۇخان ھاجى

53 ياش، تۆت بالىنىڭ ئانىسى. ئۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كورلا شەھىرىگە قاراشلىق بىر كىچىك ناھىيەدە يولدىشى بىلەن دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۆزىنى بالىلىرىغا ئاتىغان ئىدى. ھەممىدىن بەكراق بالىلىرىنىڭ بولۇپمۇ قىزلىرىنىڭ ياخشى تەربىيە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ بالىلىرىغا: «ئوقۇش تەقدىرىڭلارنى ئۆزگەرتىدۇ، سىلەرنى تېخىمۇ ياخشى شارائىتقا ئىگە قىلىدۇ» دەيتتى. ئۇنىڭ ئارزۇسى چوڭ قىزى بىلەن بىللە ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ قىزى خىتايدىكى ئەڭ ياخشى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرىدە ئوقۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەندە، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولغان ئىدى. تۇخاننىڭ قىزى بېيجىڭدىكى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ ئۇلارنىڭ يېزىسىدىكى ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇيدىغان تۇنجى ئوقۇغۇچى ھېساپلىناتتى. قىزلىرىدىن خوش خەۋەرلەر ئارقىمۇ ئارقا كېلىپ ئۇلارنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. بىر قىزى چەتئەلدە دوكتورلۇق ئوقۇش ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندە تۇخان ھاجى ھەم خۇشال بولدى ھەم ئەنسىرىدى. ئۇنىڭ ئەندىشىسىنىڭ سەۋەبى بۇرۇن كۆرگەن بىر چۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چۈشىدە ئۆيدىن تۆت قۇش ئۇچۇپ كېتىپتۇ، ئۇ قۇشلارنىڭ ئۈچى قايتىپ كېلىپ، بىرسى قايتىپ كەلمەپتۇ، ئۇ چۈشىدە ئۇ قۇشىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى شۇنداق ئۇزۇن ساقلىغان ئىدى... تۇخان ھاجى باشتا ئۇنىۋېرسىتېتقا، ئاندىن ئاسپىرانتلىققا ۋە ئاخىرىدا چەتئەلگە دوكتورلۇققا ئەۋەتكەن قىزى بىلەن چۈشى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ: «قورقۇۋاتىمەن، سىز بەلكىم شۇ قايتىپ كەلمىگەن قۇش بولۇشىڭىز مۇمكىن» دېگەن ئىدى.

تۇخان ھاجى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى ۋە بالىلىرىغا بولغان ئۈمىدى بىلەن ياشايتتى. ئۇ 2017-يىلى ئەتىيازدا كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش باشلانغان ۋاقىتتا، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە قوشنىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئوخشاش ئۇمۇ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن. ئۇ ئېلىپ كېتىلگەندە، ئۇنى ئېلىپ ماڭغانلار تەربىيەلەشنىڭ بىر ئايدىن كېيىن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ۋە ئۆيىگە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. بۇ گەپ ئېلىپ كېتىلگەن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدە قالغان يېقىنلىرىغىمۇ ئېيتىلغان ئىدى. 15 كۈندىن كېيىن، دوكتور قىزى ئانىسىنىڭ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. بىر يىل ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ساقچىنىڭ ئاغزىدىن مومىسىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى بىلدى. ئېلىپ كەتكەنلەر ئېيتقاندەك بىر ئاي تۈگىمىدى. يەرلىك ساقچىلار ھەمىشە تۇخاننىڭ قىزىغا: «ئانىڭ پات يېقىندا قويۇپ بېرىلىدۇ، ئەگەر بىز بىلەن ھەمكارلاشساڭ، ئىشلار تېزلىشىدۇ» دېدى. ئۇلار خىتاي ئەلچىخانىسىدىكى ئولتۇرۇشلارغا بار، دېدى. باردى، خىتاي ئوقۇغۇچىلار بىلەن چۈشكەن رەسىمگىنى ئەۋەت دېدى، ئەۋەتتى، خىتاي ساقچىلىرى ۋاقىت پەرقىگە قارىماستىن كېچە ياكى كۈندۈز دېمەستىن قىسقا ئۈچۈر يوللىغاندا ياكى تېلېفون قىلغان ۋاقىتتا، دەرھال ئىنكاس قايتۇردى. ئەمما ئانىسى قايتىپ كەلمىدى. لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەندە سالامەتلىكى شۇنداق ياخشى دادىسى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ ۋە ئۆزى ماڭالمىغۇدەك دەرىجىدە بىر مۇنچە كىسەللەرنى يۇدۇپ لاگېردىن قايتىپ كەلدى. بۇ دوكلات يېزىلغاندا تۇخان ھاجىنىڭ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگىنىگە 4 يىل 3 ئاي بولغان بولۇپ، ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى.[109]

[109] رابىگۈل ھاجىمۇھەممەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۆھبەت.



# مىهراي ئەركىن

ئۇيغۇر رايونىنىڭ قەدىمىي شەھەرلىرىن بىرى بولغان قەشقەردە تۇغۇلغان، ئۇ ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان بولۇپ ئالىي مەكتەپنى شاڭخەيدە پۈتتۈرگەن ئىدى، ئاندىن ئۇ توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ياپونىيەدىكى نارا پەن-تېخنىكا ئىنستىتۇتىدا بىئوتېخنىكا ساھەسىدە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەشكە باشلىغان. مىهراي خىتاي سىرتىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان، ئۇنىڭغا ئىزدىگەن ساقچىلار، بولۇپمۇ تاغىسى ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئابدۇۋېلى ئايۇپنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋە خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان جازا لاگېرلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلغان. مىهراي قەشقەردىكى ئائىلىسىدىكىلەرگە بىرەر ئىش بولماسلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنغان.

ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى، قىزى خىتايغا قايتىپ كەلسە، ئۆزلىرىگە بولغان بېسىمنىڭ ئازىيىدىغانلىقىنى ئويلاپ، قىزىنىڭ تېزراق قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ تاغىسى ئابدۇۋېلى ئايۇپ مىهراينىڭ قايتىپ كېتىشىگە قارشى چىققان بولۇپ، قايتىپ كەتسە بېشىغا بىرەر ئىش كېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدى. 2019-يىلى 8-ئايدا، مىهراي خىتايغا قايتىش سەپىرىدە، ئايدۇرۇمغا ماڭغىچە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تاغىسى بىلەن پاراڭلاشقان. تاغىسى مىهراينىڭ قايتىپ كېتىشىنى توسالمىغان ئىدى، خۇددى مىهراي تاغىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كەلگەن ئاپەت توغرىسىدىكى يازمىلىرىنى توختىتالمىغاندەك.

2020-يىلى 12-ئايدا، مىهراينىڭ لاگېردا قازا قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇر ئائىلىسىدىكىلەرگە يەتكۈزۈلدى. جەسەتنى تاپشۇرۇپ بەرگەندە، ئائىلىگە قىزىنىڭ ئۆيدە قازا قىلغانلىقىنى ئېيتىش شەرتى قويۇپ، رەسمىي بىر دوكلات تەييارلىدى.

ئابدۇۋەلى ئايۇپ، خىتايغا قايتىش سەپىرىدىن توسالمىغان جىيەنىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى2021-يىلى 5-ئايدا ئاڭلىغان. 110

110 ئابدۇۋەلى ئايۇپ بىلەن 2021-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۆھبەت



# راهىلە داۋۇت

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەھەتتە، خەلقئارا ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئىقتىدارلىق مۇتەخەسسىس دەپ قارىلاتتى. ئۇ ئۆزى ئىشلىگەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى مەدەنىيەت بايلىقىنى ئەتراپلىق توپلىغان ئىدى. ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاكادېمىكلار پروفېسسور راھىلە داۋۇتنى ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم مۇتەخەسسىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۆرىدۇ. راھىلە داۋۇت ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىر ئۈلگە ئىدى. دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىكى ئاكادېمىكلار ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ۋە خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا راھىلە داۋۇت ھەققىدە توختىلىپ، راھىلەنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ئىللىقلىقى، مېھماندوستلۇقى ۋە تەتقىقات جەھەتتىكى تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ. راھىلە داۋۇت 2017-يىلى 12-ئايدا لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر يوق.

www.uyghurkitap.com

## 5.6. قۇل ئىشچى مەركەزلىرى

گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇزۇن يىلدىن بېرى، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىرادىسىگە قارشى ۋە بەزى ساھەلەردە ناھايىتى تۆۋەن ئىش ھەققىگە ئىشلىتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى بىر قانچە يىلدا، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان مەجبۇرىي ئەمگەك سىياسىتى ۋە جازا لاگېرلىرى مەسىلىسى خەلقئارا جەمئىيەتتە مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىردى. قۇل ئىشچى، بولۇپمۇ شى جىنپىڭ ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە «نامراتلىققا قارشى تۇرۇش» نامىلىق سىياسەتنى قالپاق قىلىپ، كەڭ ئومۇملاشتى ۋە لاگېرلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، «كەسپىي تەربىيەلەش» نامىدا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تارقالدى. بولۇپمۇ 2019-يىلدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ۋە قولغا چۈشكەن سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرى، 2018-يىلدىن باشلاپ لاگېرلارنىڭ يېنىغا سېلىنغان نەچچە يۈز زاۋۇتنى ئاشكارىلىدى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان مەجبۇرىي ئەمگەك سىياسىتى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئادرىئان زېنز مۇنداق دېدى: خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نامراتلىققا قارشى تۇرۇش سىياسىتى دائىرىسىدە، 2016-يىلدىن 2020-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى 2 مىليون 610 مىڭ ئۇيغۇرنىڭ (خىتاي رەسمىي ئورگانلىرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا رايوندىكى ئۇيغۇر سانىنىڭ %20ى) ئاتالمىش ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تەييارلىغان 6 ماددىلىق پىلانىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلىگەن: 1) ئىشچىلارنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئەۋەتىش. (2) ئىشچىلارنى خىتاينىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئەۋەتىش. 3) ئىشچىلارنى خىتاي ھۆكۈمىتى كونترول قىلىدىغان شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش دېۋىزىيىسىگە ئەۋەتىش، 4) ئىشچىلارنى شەھەرنىڭ سانائەت رايونىغا يۆتكەش، 5) ئىشچىلارنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇتلارغا ئەۋەتىش، (6) كىچىك تىپتىكى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش تەشەببۇسىنى قوللاش.[111] بۇ پىلانغا ئاساسەن، خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر بىر ئائىلىدىن كەم دېگەندە بىر كىشىنىڭ تىلغا ئېلىنغان رايونلارنىڭ بىرىدە ئىشلىشىنى مەجبۇرىي قىلدى ۋە بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى ياخشىلايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زاۋۇتتا ئىشلەشنىڭ زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە شەخسلەرنى ئازاد قىلىش ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىمۇ بۇ پىلان ئىچىدە ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى.

جازا لاگېرلىرى خەلقئارا كۈنتەرتىپكە كېلىشكە باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوتتۇرىغا چىققان مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسى، ئالدى بىلەن لاگېرلارنىڭ يېنىغا سېلىنغان زاۋۇتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مەسىلىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىقى بايقالدى. خىتاي لاگېر سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ مەجبۇرىي ئەمگەككە زورلىغان ۋە ئىشلىگىلى بارغان يەردىمۇ خورلاشقا داۋام قىلغان ئىدى. ئاۋىستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت

[111] Adrian Zenz. (2019). Beyond the Camps: Beijing’s Long-Term Scheme of Coercive Labor, Poverty Alleviation and Social Control in Xinjiang. Journal of Political Risk 7. no. 12. 2019. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

ئىنستىتۇتى ئېلان قىلغان دوكلاتتا، 2017-يىلدىن 2019-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن باشقا جايلارغا قۇل ئىشچى بولۇپ ئىشلەشكە كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 80 مىڭدىن ئاشقان.[112] دوكلاتتىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر ئۇچۇر شۇكى، ئۇيغۇرلار تېخنىكا، كىيىم-كېچەك ۋە ماشىنا ساھەسىدىكى كەم دېگەندە 82 داڭلىق ماركىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدىكى زاۋۇتلاردا مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنغان. ئىنكاسلارنىڭ ئېغىر بولۇشىغا قارىتا بايانات ئېلان قىلغان بەزى شىركەتلەر بۇ ئۇچۇرنى ساختا دېگەن،[113] بەزى شىركەتلەر تەمىنلەش زاۋۇتلىرىنى تەپسىلي تەكشۈرۈشكە باشلىغان،[114] يەنە بەزى شىركەتلەر بولسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئەھۋالغا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان.[115] دوكلات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 2020-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە نۇرغۇن جازا يۈرگۈزۈلدى. قۇل ئىشچىلارنى ئىشلىتىدىغان بىر قىسىم خىتاي شىركەتلىرى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى. ئۇيغۇر ئىشچىلىرى پاختا سانائىتىدە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئامېرىكا، ئاۋىستىرالىيە، دانىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى خىتاي ماللىرىنى بايقۇت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ جازا ۋە بايقۇتلارنى پىسەنتىگىمۇ ئالماي، جازا لاگېرلىرىنىڭ يېنىغا سېلىنغان زاۋۇتلاردا ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنى ئىشلىتىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، لاگېرلاردىكى ئاتالمىش تەربىيەلەشنى تاماملىغان ئۇيغۇرلار ئائىلىسىگە خەۋەر قىلىنماستىن، خىتاينىڭ باشقا جايلىرىدىكى زاۋۇتلارغا قۇل ئىشچى سۈپىتىدە يۆتكەلدى. BBC تەپسىلي خەۋىرىدە، پەقەت پاختا سانائىتىدىلا پەسىللىك ئىشلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇرلانغان يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.[116] بۇ خەۋەردىن بىئارام بولغان خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى BBC گە فاكىس ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قۇل ئىشچى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى رەت قىلدى. مىنىستىرلىك، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئىشلەيدىغان ئوخشىمىغان مىللەتتىكى بارلىق ئىشچىلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خىزمەتنى تاللايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت توختامىنى قانۇن دائىرىسىدە ئىمزالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداقلا «شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقىنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايلىرى ئامېرىكىنىڭ يالغانچىلىقى ۋە پىتنە-ئىغۋالىرىنىڭ ئەڭ ياخشى جاۋابى» دېدى.[117]

[112] Australian Strategic Policy Institute. (2020). Uyghurs for sale: ‘Re-education’, forced labour and surveillance beyond Xinjiang.

[113] Business & Human Rights Resource Center. (2020). Nike’s Response. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[114] Business & Human Rights Resource Center. (2020). Nike’s Response. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[115] Business & Human Rights Resource Center. (2020). BMW’s Response. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[116] John Sudworth. (2020). China’s ‘tainted’ cotton. BBC. Aralık 2020. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[117] John Sudworth. (2020). China’s ‘tainted’ cotton. BBC. Aralık 2020. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

www.uyghurkitap.com




بىز ئېلىپ بارغان زىيارەتلەردە، مىنىستىرلىك ئوتتۇرىغا قويغان «كۆلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايلار» ئۇياقتا تۇرسۇن، قۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان شارائىتلاردا ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇرلارغا ئېرىشىمىز. مەدىنە نازىمى بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتىمىزدە، مەجبۇري ئەمگەكنىڭ بۇرۇندىنلا بار ئىكەنلىكىنى، 2000-يىللارنىڭ بېشىدا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يېزىلاردا ياشايدىغان 18 ياشتىن تۆۋەن ئۇيغۇر ياشلىرىنى ياخشى مائاش بېرىش ۋەدىسى بىلەن خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە ئاپىرىپ ئىشقا سالغانلىقىنى بىلدۇق. بۇنىڭ بىر توزاق ئىكەنلىكىنى، ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم ياشلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بۇ ئىشلاردا ئىشلەش ئۈچۈن يېزىلىرىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئېيتقان مەدىنە نازىمى، ۋەزىيەتنىڭ قارىماققا ئۇنداق ئەمەسلىكىنى، ئۆيىدىن ئايرىلىپ ئىشلەشكە كەتكەن بالىلارنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن ئىش ھەققى بىلەن ناچار شارائىتلاردا ئىشلىتىلگەنلىكىنى بايان قىلدى.[118] مەسىلەن، 4-5 ئادەم رېستوراندا تاماق يېگەندە، ئۇلارنىڭ خەجلەيدىغان پۇلى تەخمىنەن 500 يۈەن ئەتراپىدا بولىدۇ، قۇل ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدىغانلارغا بېرىلىدىغان مائاش 500-600 يۈەن ئەتراپىدا. شۇڭلاشقا، ئۇ يەردە قۇل ئىشچىلار ۋە بالا ئىشچىلارغا قارىتا ئوخشىمىغان ئىككى خىل كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقىغىلى بولىدۇ.

[118] مەدىنە نازىمى بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنىدىكى سۆھبەت.

بىز زىيارەت قىلغان خىمىك ئابدۇرېھىم غېنىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق، بالىلارنىڭ قۇل ئىشچى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشىنىڭ يېڭى ۋەقە ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز. ئابدۇرېھىم غېنى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان يىللىرىمدا، مەجبۇرىي پاختا تەردۈرۈشكە شاھىت بولدۇم. مەكتەپكە بۇيرۇق كېلەتتى ۋە ئوقۇغۇچىلار مەجبۇرىي پاختا تەرگىلى باراتتى. مەن ئۇلارنى ئۆز قولۇم بىلەن ئېلىپ بارغان ۋە كۆرگەن بىرى.» دەپ ئۆزىنىڭ كۆزىتىشلىرىنى نەقىل كەلتۈردى ۋە قۇل ئىشچىلارنىڭ جازا لاگېرلىرىدىن ئىلگىرى قانداق قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدا مۇھىم تەپسىلاتلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى: «بۇ مەجبۇرىيەت ئەمگەك، بولۇپمۇ پاختا تېرىش ئىشى جازا لاگېرلىرىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان 2002-2004-يىللىرىمۇ بار ئىدى. يازدا ئوقۇغۇچىلار كۈنىگە 12 سائەت پاختا تېرىشكە ئېلىپ بېرىلاتتى. جىيەن قىزىممۇ ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقاندا، بىر ئايلىق پاختا تېرىشكە ئېلىپ كېتىلگەن. 20 يىل ئىلگىرىمۇ مۇنداق ئىش بار ئىدى. بالىلار پاختا ئېتىزىغا ئېلىپ بېرىلىپ شۇ يەردە بىر ئاي تۇرۇپ پاختا تېرەتتى. ئۇلار ئاساسەن ئېغىللاردا، ياكى سامانىنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى. ئوقۇتقۇچىلار بولسا ئۆيدە تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلار بىر ئايغىچە يۇيۇنالمايتتى. يېشىغا ئاساسەن ۋەزىپىسى بار ئىدى. كىچىكلەرگە 35 كىلوگىرام پاختا، چوڭلىرىغا 40 كىلوگىرام، تېخىمۇ چوڭلارغا كۈنىگە 45 كىلوگىرام پاختا يىغىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ نورمىنى بىر كۈندە تولدۇرۇشى كېرەك ئىدى. مەكتىپىمىزدە ئۇيغۇر-خىتاي ئارىلاش ئوقۇغانلىقتىن، خىتاي ئوقۇغۇچىلارمۇ باراتتى، لېكىن ئۇلار بىزدەك ئۇزۇن تۇرمايتتى، ئىككى ھەپتە تۇرۇپ قايتاتتى، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئورۇنلايدىغان نورمىسى يوق ئىدى، تېرىيەلىگىنىچە تېرەتتى».[119]

مەدىنە نازىمى ۋە ئابدۇرېھىم غېنى بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتىمىز نەتىجىسىدە، خىتاينىڭ قۇل ئىشچىلىق سىياسىتىنى كەم دېگەندە 20 يىلدىن بېرى بولۇپمۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلار ئۈستىدىن ئىجرا قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز، شۇنداقلا بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ئۇيغۇر بالىلار بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇيدىغان خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ شارائىتىنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى، ۋە ئەمگەك ۋاقتىنىڭ تېخىمۇ قىسقا ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز.

ئىنسانشۇناس دارىرېن بايلېر بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتىمىزدە، خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى يېقىنلىرى جازا لاگېرىدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىمۇ قۇل ئىشچى قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىنى بىلدۇق. بايلېر قۇللۇققا مەجبۇرلانغان ھەر ئىككى گۇرۇپپىنى ۋە ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەجبۇرىي ئەمگەك ئۈچۈن زاۋۇتلارغا ئەۋەتىلىدۇ. ھەتتا بەزىدە زاۋۇتلارنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى كېلىپ لاگېردىن ئىشچى قوبۇل قىلىدۇ. مەن زىيارەت قىلغان كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارغا يا مائاش بېرىلمەيدىكەن، ياكى ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىنىڭ 6/1 ى بېرىلىدىكەن. بۇ بېرىلگەن مىقدارمۇ زاۋۇتتىكى تاللا بازىرىدىن ئاساسلىق ئېھتىياجىنى سېتىۋېلىشقا ئاران يېتىدىكەن. كەچتە ئۆيلىرىگە ئەمەس، بەلكى زاۋۇتتىكى ئۇخلايدىغان يېرىگە ياكى زاۋۇتنىڭ ياتىقىغا بارىدىكەن. بۇ يەردە ئۇلار داۋاملىق خىتاي ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ئىدىئولوگىيىسى ھەققىدە ئۆگىنىش قىلىدۇ.

[119] ئابدۇرېھىم غېنى بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياتاق بىلەن زاۋۇت ئوتتۇرىسىدا بېرىش-كېلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ئۈستى بېشى ۋە تېلېفونلىرى دائىم تەكشۈرۈلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، جازا لاگېرلىرىدىكى مەھبۇسلارنىڭ تۇغقانلىرىمۇ ھەمىشە زاۋۇتلارغا ئىشلەشكە ئەۋەتىلىدۇ. گەرچە ئۇلار لاگېردىن زاۋۇتلارغا ئەۋەتىلگەنلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر ياخشى شارائىتتا ئىشلىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كىرىمىنى ساياھەت، تۇرالغۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش چىقىملارنى باھانە قىلىپ كېسىۋالىدۇ. ھازىرچە ئېنىق بىر نەرسە دېيىش تەس بولسىمۇ، قۇل ئىشچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان يۈزمىڭلارچە ئۇيغۇر بار دەپ ئويلايمىز».[120]

نۇرسىمان ئابدۇرېشىت بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتىمىزدە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىقتىسادىي ئەركىنلىك» شوئارىنىڭ ئەكسىچە، قۇل ئىشچى بولۇپ ناچار شارائىتتا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرى ۋە ياشلىرىنى قەرزگە بوغۇپ قويغانلىقىنى بىلدۇق. نۇرسىمان ئابدۇرېشىت ئۆزىنىڭ بىر يىپ زاۋۇتىدا كۆرگەنلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشلار ئەمەس. بىز كىچىك ۋاقتىمىزدىمۇ شۇنداق قىلغان. 2006-يىلدىن باشلاپ، ئۇلار مەكتەپتە ئوقۇمايدىغان ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇمىغان بالىلارنى زاۋۇتلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ئارقىلىق «بۇ يېزىدىن 200 قىز، ئۇ يېزىدىن 200 ئوغۇل» دەپ ئېلىپ كېتەتتى. مەن ئىچكىرى ئۆلكىدە بىر شەھەردە خىتايچە ئوقۇۋاتاتتىم. ئاپام تۇرۇۋاتقان يېزىدىكى قىزلارنى مەن تۇرۇۋاتقان شەھەرگە ئېلىپ كەپتۇ. ئاپامغا دوستلىرى: «قىزىمنى سىزنىڭ قىزىڭىز ئوقۇۋاتقان شەھەردە دەيدۇ، راستلا شۇ شەھەردىمىدۇ؟ ياخشى تۇرۇۋاتقانمىدۇ؟ قىزىڭىز بېرىپ بىر قاراپ كۆرۈپ باقسا؟» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن زاۋۇتقا باردىم، ئۇ بىر يىپ زاۋۇتى ئىدى. زاۋۇتنىڭ باشقۇرغۇچى خادىمى مېنىڭ دوستۇمنىڭ دادىسى بولغاچقا، مېنىڭ ئىچىگە كىرىشىمگە رۇخسەت قىلدى. زاۋۇتنىڭ ئىچىدە كۆرگەن ئىدىم. بۇ زاۋۇت ناھايىتى چوڭ، ئەمما پەقەت ئاز بىر قىسمىدىلا ئىشچى ئىشلەيتتى. مېنىڭچە بۇ بىر تاشلىۋېتىلگەن زاۋۇت بولۇپ، ئۇلار ئەرزان ئىشچىلارنى تاپقانلىقى ئۈچۈن ئىشچىلارنىڭ بەزىلىرىنى ئېغىر شارائىتتا ئىشلىتىۋاتقان ئىدى. خىتايلار ئەتىگەندە ئىشلەيدىكەن، ئۇيغۇرلار كېچىدە ئىشلەيدىكەن. مەن بىر ئۆيگە كىردىم. بىر پارچە قەغەزگە: «بۇ كىشى مۇنچىلىك ئىشلىدى، مائاشى مانچە يۈەن، بۇ كىشى مۇنچىلىك ئىشلىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا تاماق ۋە كارىۋات يوق» دەپ يېزىقلىق ئىدى. ھەتتا بەزى بالىلار زاۋۇتقا 800-1000 يۈەن قەرزدار ئىدى. ئۇلار ئىشلىگىنىگە قارىماي قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان ئىدى».[121]

نۇرسىمان ئابدۇرېشىتنىڭ قۇل ئىشچىلار ئىشلىتىلگەن زاۋۇتتا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مەنزىرىلەردىن بىز ئۈچ مۇھىم يەكۈننى چىقىرىمىز. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، تېخى قۇرامىغا يەتمىگەن قۇل ئىشچىلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى مەجبۇرىي ئۈزۈپ ئۇلارنى ئېغىر شارائىتتا ئىشلىتىدۇ. ئىككىنچىسى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «نامراتلىققا قارشى تۇرۇش» سىياسىتى ۋە جازا لاگېرلىرى تۈرى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىمۇ مەجبۇرىي ئەمگەكنى يولغا قويۇپ كەلگەن بولۇشى، ئۈچىنچىسى، «نامراتلىققا قارشى تۇرۇش» ياكى «ئىقتىسادىي تەرەققىيات» نامىدا مەجبۇرىي ئىشقا سېلىنغان قۇل ئىشچىلار ئەمەلىيەتتە قەرزدار قىلىپ قويۇش

---

[120] دارىبن بايلېر بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[121] نۇرسىمان ئابدۇرېشىت بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئارقىلىق جازالىنىدۇ ھەمدە قەرزنى تۆلىگۈچە زاۋۇتلاردا مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز ئەمگەك كۈچىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش، ناچار مۇئامىلە، مەجبۇري تۇتۇپ تۇرۇش ۋە نورغۇن تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك ئېغىر ۋەقەگە دۇچ كەلدۇق دېسەك بولىدۇ.

ئۇرۇمچىلىك سودىگەر قۇززات ئالتاي ناچار مۇئامىلىنىڭ دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئىككى تاغام ئابدۇۋېلى ۋە ئەھمەت مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنىۋاتىدۇ. ئەخمەت تاغامنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر. ئۇ دۈشەنبەدىن باشلاپ، قول ئىشچى زاۋۇتىدا شەنبە كەچكىچە ئىشلەيدۇ. ئۇرۇمچىگە يېقىن بىر ئىشلەپچىقىرىش ئورنىدا كۈندە 16 سائەتكە يېقىن ئىشلەيدىكەن. دۈشەنبەدىن شەنبە كۈنىگىچە كەچلىرى زاۋۇتتا ياتىدىكەن. شەنبە كۈنى كەچتە ئۆيىگە قايتىپ، بالىلىرىنى كۆرىدىكەن ۋە دادامنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ بېرىپ يەكشەنبە كۈنى كەچتە زاۋۇتقا قايتىدىكەن. چوڭ لاگېرلاردا ئۇيغۇرلار يا ئۆلتۈرۈلىدۇ ياكى ئۆلۈكتىن پەرقى يوق سىرتقا چىقىدۇ. بەزىلىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا زاۋۇتتا ئىشلەشكىمۇ قوشۇلىدۇ. لاگېردىن ئايرىلغانلار ئەگەر ئىشلىيەلەيدىغان دەرىجىدە بولسا زاۋۇتلاردا ئىشلەشكە باشلايدۇ. ھەر ئايدا 500 يۈەن مائاش ئالىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى مەركىزى مەسچىتلەر ئوچۇق ۋە ئۇ يەردە راھەت ناماز قىلغىلى قويىدۇق دەپ خەلقئارانىڭ كۆزىنى بويىغان بولسا، زاۋۇتتىكى ئىشچىلارغىمۇ مائاش بەردۇق دەپ كۆز بوياۋاتىدۇ. خىزمەت شارائىتى ناچارلىقى تۈپەيلى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەلىرىمۇ بولۇپ تۇرىدىكەن. بىرەرسى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغاندا، ئۇ يەردىكى ئىشچىلارمۇ جازالىنىدىكەن، يەنى خىزمەت ۋاقتىنى تېخىمۇ ئۇزارتىش ياكى يەكشەنبە كۈنىمۇ ئىشلەش دېگەندەك. ئۇ يەردىكىلەر «ئەگەر مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالسام، باشقىلارمۇ مەن سەۋەبلىك جازالىنىدۇ» دەپ ئويلايدىكەن. شۇنداقتىمۇ 2ـ 3 ئادەم ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان. نەۋرە تۇغقىنىم ئابدۇلقاھارنىڭ دىلدار ئىسىملىك بىر قىزى بار. دىلدار تېلېفون زاۋۇتىدا ئىشلىدى. دادام بىلەن 1ـ 2 ئايدا بىر ئاران كۆرۈشەلىگەنلىكى ئۈچۈن، مەن ئۇ زاۋۇت ھەققىدە كۆپ بىلمەيمەن».[122]

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتە كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىنغان ئەمگەك ئۆلچىمى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ 1930 ـ يىلى ماقۇللانغان خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ 29 ـ نومۇرلۇق مەجبۇرىيەت ئەمگەك ئەھدىنامىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.[123] ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېغىر خىزمەت شارائىتىدا قول بولۇپ ئىشلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈمى ياكى بىز تېخى بىلمىگەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىشچىلارنىڭ ئۆلۈمى (خىزمەت ھادىسىسى، قاتىللىق قاتارلىقلار) جىددىي تەدبىر قوللىنىشنى مۇقەررەر تەلەپ قىلىدۇ.

مەلىكە مەھمۇد بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىمىزدە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ناچار مۇئامىلىلەردىن سىرت، ئايال ئىشچىلارغا جىنسىي پاراكەندىچىلىك سالغانلىقى توغرىسىدا مۇھىم ئۇچۇرلارغا ئېرىشتۇق. مەلىكە مەھمۇد: «خوتەن رايونىدىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرى 16

---

[122] قۇززات ئالتاي بىلەن 2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

[123] International Labor Organization. ILO. C029 - Forced Labour Convention, 1930 (No.29). 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياشلىق كىچىك قىزلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن بىزنىڭ شەھەرگە ئېلىپ كېلەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياش قىزلارنى زاۋۇتلارغا ئىشچى قىلىپ زورلاپ ئەۋەتەتتى. ئۇ زاۋۇتلارغا ئىشلەشكە بارغان قىزلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە پاھىشىۋازلىققىمۇ مەجبۇرلايتتى. قايتىپ كەلگەن قىزلارنىڭ پىسخىكىسى ناچارلىشىپ، ئۇلارنىڭ كونا ھالىتىدىن ئەسەر قالمايتتى. بىز ئۇ يەردە قىزلارنىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. بۇ قىزلارنىڭ ھاياتى ۋەيران بولغان ئىدى. شۇڭا ئائىلىلەر قىزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن بىز بار شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ يوشۇرۇپ قوياتتى»[124] دېدى ئۇ ئەھۋالنى خۇلاسىلەپ.

ئائىلە ئەزالىرى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىشلەشكە مەجبۇرلانغان، ئەنقەرەدە دوكتورلۇق ئوقۇۋاتقان رابىگۈل ھاجىمۇھەممەد بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتىمىزدە، ھەم ئايال قۇل ئىشچىلارنىڭ ئۇچرىغان مۇئامىلىسىنى، ھەم مەسىلىنىڭ تەشۋىقات قىسمىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. رابىگۈل ھاجىمۇھەممەد بۇ ئەھۋالنى مۇنداق چۈشەندۈردى: «دادام ۋە ئىنىم ھەر ئىككىسى لاگېر ئىچىدىكى توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا مەجبۇريي ئەمگەككە سېلىنىپتۇ. لاگېرلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا. مەن ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە باشتىن كەچۈرگەنلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىدىم. ئىچىدە زاۋۇتلار بار لاگېرلار قۇرۇلۇپتۇ. لاگېرنىڭ ھەرخىل تۈرلىرى بار ئىكەن، مېنىڭ پەرىزىمچە، ئاپام زاۋۇتلار بار لاگېرلاردا. ئىنىم بىلەن داداممۇ شۇنداق لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇلغان ئىدى. قىزلارنىڭ مەجبۇريي ئەمگەككە سېلىنىش مەسىلىسىمۇ بار. مەن 2006-يىلى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، قەشقەرلىك دوستلىرىمنىڭ تۇغقانلىرى (ھەم قىزلار ھەم ئوغۇللار) خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى بىر زاۋۇتقا ئىشلەشكە كەلدى. دوستۇمدىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ يەردىكى شارائىت ناھايىتى ناچار ۋە تۇزۇك تاماقمۇ يوق ئىدى. يەرلىك ھۆكۈمەت «قەشقەردىن شۇنچىلىك ئىشچى ئەۋەتىمىز» دەيدىكەن ۋە ئۇلار بۇ سانغا يېتىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى قۇل ئىشچىلىققا قوبۇل قىلاتتى. توي قىلغانلار بارمايتتى. ئائىلىلەر 15-16 ياشلىق قىزلىرىنىڭ قۇل ئىشچى سۈپىتىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئىشلەشكە ئەۋەتىلمەسلىكى ئۈچۈن، توينى قىلىۋېتەتتى. ئۇ يەرگە بارغان قىزلارنىڭ خىتاي ئەرلەر تەرىپىدىن خورلانغانلىقى، زاۋۇت مەسئۇللىرىنىڭ يامان غەرەز بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق».[125]

خىتاي 2016-يىلى 8-ئايدا ئۇيغۇر پاختا ئىشچىلىرى توغرىسىدا ئېلان قىلغان باياناتىدا، پاختا ئېتىزىدا ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىسى ۋە مىللىي بىرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان،[126] بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ مەزمۇنى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ موللاشقان ۋە 2020-يىلى ئېلان قىلىنغان يەنە بىر ھۆججەتتە، خىتاي ھۆكۈمىتى پاختا ئىشچىلىرىغا مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە غىزالىنىشى، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشى، ئوقۇشى، ئىشلىشى ۋە پاختا تېرىيدىغان ياشلارغا

[124] مەلىكە مەخمۇت بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت .

[125] رابىگۈل ھاجىمۇھەممەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[126] John Chan. (2020). Report Shows Scale of Forced Labor in Xinjiang Cotton Industry. China Digital Times. 15 Aralık 2020. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

ئاكتىپلىق بىلەن تەپەككۇر تەربىيەسى بېرىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.[127] ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەكنىلا ئەمەس، بەلكى مەجبۇرىي ئەمگەك جەريانىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدىيىۋى تەشۋىقات بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىشنىمۇ مەقسەت قىلغانلىقىنى كېسىپ ئېيتالايمىز. بىز باشقا زىيارەتلەردىمۇ قۇل ئىشچىلارغا ئائىت تەشۋىقات مەسىلىسىنى ئۇچراتتۇق.

شەھىدە ئەلى بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتىمىزدە، قۇل ئىشچى ۋە تەشۋىقات توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى بىلىۋالدۇق: «بۇ ۋەقە مەن يۇرتۇمدىكى ۋاقىتتا (قەشقەردە) يۈز بەردى. يېزىدا تۇققانلىرىم بولغانلىقى ئۈچۈن بىلىمەن. «بۇ يېزىدىن شۇنچىلىك كىشى ئۇ زاۋۇتقا ياردەمگە ئەۋەتىلدى» دېگەن خەۋەرلەر چىقىپ تۇراتتى، ئەمما كۆپچىلىك ئىنتايىن نارازى ئىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ تەشۋىقاتمۇ كۆپەيدى. ئۇ يەرگە مەجبۇرى ئېلىپ كېتىلگەن قىزلارنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم. تۇغقانلىرىم، يولدىشىمنىڭ تۇغقانلىرى، يىراق تۇغقانلار ئىچىدە ئوخشىمىغان جايلارغا ئەۋەتىلگەن ۋە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇم. بۇ مەجبۇرىي بولغاچقا، كىشىلەر ئاغزىنى ئېچىپ بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ، ئۇلار ئىشلەۋاتقان زاۋۇتلاردا دەرسكىمۇ قاتنىشىدىكەن. بىزنىڭمۇ تولۇق ئوتتۇرىدىكى ۋاقتىمىزدا ھەر جۈمە كۈنى دەرستىن كېيىن سىياسىي ئۆگىنىشلىرىمىز بولۇپ تۇراتتى. بۇ ئۆگىنىش تولۇقسىز ئوتتۇرىدىمۇ بولاتتى. ئۇنىۋېرسىتېتتىمۇ بۇ دەرس مەجبۇرىي ئىدى. دۆلەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇيمەن دەيدىكەنسىز بۇ دەرسلەرگە چوقۇم قاتنىشىشىڭىز كېرەك ئىدى. ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ھەر كۈنى ئەتىگەندە كومپارتىيىنىڭ قىزىل ناخشىلىرىنى ئېيتاتتۇق. بۇ دەرس ۋاقتىدا «ۋەتىنىمىز ھازىر مۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، بۇ ئىشنى مۇشۇ سەۋەبتىن قىلىۋاتىدۇ، شىنجاڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى بىخەتەرلىك، بىز تېرورلۇققا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك، دىن دېگەن مۇنداق، ئەگەر دىنغا ئىشەنسىڭىز، يامان ئاقىۋەتكە قالىسىز» دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى.[128]

خىتاي «كەسپىي تەربىيەلەش» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ سىياسەت بىلەن كەسپى ۋە خىزمىتى بار نۇرغۇن كىشىلەرنى قۇل ئىشچى بولۇشقا مەجبۇرلىغان. مەلىكە ھەبىبۇلنىڭ ئېيتىشىچە، يولدىشىنىڭ ئۈچ قېرىندىشى 2017-يىلى جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەن، ئۈچ يىلدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى مۇسادىرە قىلىنغان ۋە ئۇلار مەجبۇرىي ھالدا باشقا شەھەردىكى زاۋۇتلارغا قۇل ئىشچى سۈپىتىدە ئېلىپ كېتىلگەن. ئۇلار 2020-يىلى قويۇپ بېرىلگۈچە ئۇلاردىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغان. مەن ئۇلار ھەققىدە ئىجتىمائىي ئالاقە تورىغا خەۋەر يوللىغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. ئۇلار ئىشلەشكە مەجبۇرلانغان جاي ھەققىدە مۇنداق دەپتۇ: «ھەپتىدە بەش كۈن قانۇن ئۆگىنىمىز». ئىلگىرى ئۇلار زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلارغا 500 يۈەن مائاش بېرەتتى. ھازىر زاۋۇت ئىشچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تامىقى ئۈچۈن پۇل تۆلىشى كېرەك. تاماق پۇلى ئۈچۈن «بىزدە پۇل قالمىدى، ماڭا پۇل ئەۋەتەلەمسىز؟» دېگەن ئىدى. بىز ئۇنىڭ ئائىلىسىگە پۇل ئەۋەتتۇق. زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى، ئۇلارنىڭ جازا لاگېرىغا قايتۇرۇلۇشتىن ئەنسىرەپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا

[127] John Sudworth. (2020). China’s ‘tainted’ cotton. BBC. Aralık 2020. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
[128] شەھىدە ئەلى بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى سۆھبەت.

www.uyghurkitap.com

قول ئىشچى ھەققىدە پاراڭلىشىشنى خالىمايدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە ئۈچ دوستۇم بار، ئۇلار جۆرىسى ياكى تۇققانلىرىنى زاۋۇتتىن قايتا جازا لاگېرىغا ئەۋەتمىسۇن دەپ ئىجتىمائىي ئالاقە توربدا ھېچقانداق ئۈچۈر ھەمبەھىرلىمەيدۇ. ئاكامنىڭ قىزى شەمشىنۇر ھازىر 25 ياشتا، ئۇ 20 ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ نوپۇسىنى باشقا شەھەرگە يۆتكىگەن. ئۇ يەردە پاسپورت ئالماقچى بولغاندا، ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلغان ۋە چەتئەلگە چىقىش ئارزۇسى «جىنايەت» دەپ قارىلىپ، 2015-يىلى مايدا ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇنىڭ جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، جازا لاگېرىغا بىر يىللىق ئېلىپ كېتىلگەن. بىر خىتاي دوستىمىز ئۇنىڭ 2019-يىلدىن 2020-يىلغىچە زاۋۇتتا ئىشلىگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئىجتىمائىي ئالاقە توربدا بۇ قىزنىڭ نېمىشقا زاۋۇتتا ئىشلەيدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ھەمبەھىرلىدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇنى قويۇپ بەردى».[129] مەلىكە ھەبىبۇلنىڭ ئېيتقانلىرىدىن، خىتاينىڭ قول ئىشچىلار ھەققىدىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان خەۋەرلەردىن بىئارام بولغانلىقىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسىنىڭ كۈچىيىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۈچۈرلار، ئۇيغۇرلار ئۇچرىغان ئەھۋاللارغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئىنكاس قايتۇرۇلسا، ۋەزىيەتنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۈمىدنىڭ مەنبەسى بولالايدۇ.

## .5.7 باللار لاگېرلىرى

خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يولغا قويغان باستۇرۇش سىياسىتى 2016-يىلدىن باشلاپ، جازا لاگېرلىرىنىڭ سانىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. بۇ لاگېرلار ئاسسىمىلياتسىيە، قىيناش ۋە ھەرخىل كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بىلەن بىللە يۇقىرى بىخەتەرلىك بازىسى قىلىپ بېكىتىلگەن. 2016-يىلى 8-ئايدا، تىبەت رايونىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان چېن چۈەنگو ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە سېكرېتارى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇ بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، رايوندىكى جازا لاگېرلىرىنىڭ سانى ۋە ساقچى كۈچىنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، بىخەتەرلىك سىياسىتىنى ئېغىرلاشتۇرغان.

خىتاي دۆلىتىنىڭ ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يولغا قويغان سىياسەتلىرى قۇرامىغا يەتكەنلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. باللارنى پۈتۈنلەي دۆلەتنىڭ كونتروللۇقىدا، ئائىلىسىدىن، ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە كىملىكىدىن يىراقتا، ئانا تىلىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، پەقەتلا خىتايچە سۆزلەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەش دۆلەتنىڭ خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئاساسىي نىشانى. خىتاي بىر تەرەپتىن مۇقىملاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرىغا مۇناسىۋەتلىك سىمۋول خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەرنى جىنايى قىلمىشلارغا باغلاشقا ئۇرۇندى، يەنە بىر تەرەپتىن، خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئەڭ ئاسان يولغا قويالايدىغان نوپۇس سۈپىتىدە باللارنى نىشانغا ئالدى.

[129] مەلىكە ھەبىبۇل بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى سۆھبەت.

زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئاتا-ئانىسى جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەن باللار دۆلەت كونتروللۇقىدىكى لاگېرلاردا ياكى ياتاقلاردا تۇرىدۇ. بىز زىيارەت قىلغان ئۇيغۇرلاردىن، 37 ياشلىق قەلبىنۇر تۇرسۇن يەتتە بالىسىدىن ئىككىسىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە تۈركىيەدە ئىكەنلىكىنى، ئەمما يۇرتتا قالغان بەش بالىسى ۋە يولدىشىنىڭ خىتايدىكى جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ھېچ ئالاقە قىلالمىغانلىقىنى بايان قىلدى. قەلبىنۇر تۇرسۇن ئۆزىنىڭ ئۈچ يېرىم ياشلىق قىزى ئائىشە ئابدۇرېھىمنى 2018-يىلى 12-ئايدا دوۋيىندا (خىتايچە تىكتوك) خىتاي ئوقۇتقۇچىلار تارتقان تەشۋىقات فىلىمىدە كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. قەلبىنۇر تۇرسۇن: «بىز قەشقەردە تۇراتتۇق، لېكىن ئۇ كۆرۈنۈش خوتەندە تارتىلىپتۇ، بۇ ئۇلارنىڭ باللىرىمنى ئوخشىمىغان لاگېرلارغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەن ئىككى يىلدىن بۇيان باللىرىمنىڭ خەۋىرىنى ساقلاۋاتىمەن، ئەمما تېخىچە خەۋەر يوق. قىزىمنىڭ ۋىدېئوسىنى كۆرگەندىن كېيىن، مەن خىتاي دۆلىتىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. ھازىرغىچە ھېچكىم ماڭا جاۋاپ بەرمىدى». بۇ گۇۋاھلىق ئارقىلىق بىز خىتاي دائىرىلىرىنىڭ، ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرى بىلەن ساغلام ئالاقە ئورنىتىش تىرىشچانلىقىغا پىسەنت قىلمايدىغانلىقىنى ۋە خىتاينىڭ چەتئەلدىكى پۇقرالىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.[130]

نۇرسىمان ئابدۇرېشىت، ئاتا-ئانىسى جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەن باللارنىڭ تەشۋىقات لاگېرلىرىغا يۆتكەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ قارىشىمىزچە، كەڭ كۆلەملىك تۇتۇش باشلانغان چاغدا، باللارمۇ جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەن. ئاكامنىڭ تۇنجى ئايالىدىن 13 ياشلىق قىزىنىڭ چوڭ نوپۇسى (پىلانلىق تۇغۇت نورمىسىدىن قېچىش ئۈچۈن) بىزنىڭ ئۆيدە ئىدى. ئۇ جىيەنىمنىڭ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بىلىمەن. ئاكامنىڭ باشقا ئايالىدىن بولغان ئىككى بالىسى (5ياش ۋە 7 ياش) ئانىسى بىلەن بىللە تۇراتتى، ئەمما ئانىسى ئايدا بىر قېتىم ئۆيگە قايتىپ كېلەلەيدىكەن. باللارنىڭ ئانىسى زاۋۇتلاردا مەجبۇرىي ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. بەلكىم باللارنىڭ چوڭ ئاپىسى باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم ئۇلارمۇ لاگېرلاردا بولۇشى مۇمكىن. ئىنىمنىڭ باللىرىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمىز، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تېخىچە ئېنىق ئەمەس. ھازىرغىچە ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىدۇق».[131]

يالغۇز قالغان باللىرىدىن ئۇچۇر ئالالمىغان ئانىلار، ئەلچىخانا ئارقىلىق ئائىلىسى ھەققىدە ئۇچۇر ئېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەلچىخانا ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمىگەن. خوتەنلىك ئامىنە مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ بەش بالىسىدىن ئىككىسى بىلەن تۈركىيەگە كەلگەنلىكىنى، يولدىشى ۋە ئۈچ بالىسىدىن تېخىچە خەۋەر ئالالمىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «يولدىشىم بىزنى تۈركىيەگە ئەكەلگەنلىكى ۋە بىزگە پۇل ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. يولدىشىم لاگېرلاردا 15-20 كۈن تۇرۇپتۇ. ئاندىن، 2017-يىلى 1-ئايدا تۈرمىگە يۆتكەپتۇ. ئۇ تۈركىيەدە 15 كۈنلا تۇرغان ئىدى. يولدىشىم

130 قەلبىنۇر تۇرسۇن بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى سۆھبەت.

131 نۇرسىمان ئابدۇرېشىت بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى سۆھبەت.

تۇرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، باللىرىمنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدىم. 2016-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، بىز باللىرىم ۋە يولدىشىم بىلەن تېلېفوندا پاراڭلىشالايتتۇق. ئاپام، دادام ۋە باشقىلار مەن بىلەن پاراڭلىششتىن قورقاتتى. شۇڭا مەن پەقەت يولدىشىم بىلەنلا كۆرۈشەتتىم. ئۇ تۇتۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئائىلەمدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقەم پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى. ھازىر باللىرىمنىڭ ھايات ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن. ئەينى ۋاقىتتا 3 ياشقا كىرگەن بالام ھازىر 8 ياشقا كىردى. باللارغا يولدىشىمنىڭ قاراۋاتاتتى. باللىرىم قەيەردە؟ ئۇلارنىڭ ھاممىلىرى جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەنمۇ؟ بىلمەيمەن. باللارنىڭ ھاممىسى بىلەنمۇ ئالاقىلىشەلمىدىم، يولدىشىمىزغا، ئائىلىمىزگە ۋە قېرىنداشلىرىمىزغا سەۋر قىلالايدىكەنمىز، ئەمما باللىنىڭ ئازابى باشقىكەن. بىر ئانا قىزىنىڭ ئۆلۈشىنى خالامدۇ؟ مەن خالايمەن، لاگېرلاردىكى قىيناش ۋە باسقۇنچىلىقنى ئاڭلىغىنىمدا «قىزىم ئۆلسە ئازابلانمايتتى» دەپ ئويلايمەن. ئۆزۈممۇ ئۆلۈۋالماقچى بولدۇم. مەن بۇ ئازابنى سىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. (يىغلاۋاتىدۇ) 8 ياشلىق بالام ھازىر 13 ياشقا كىردى. بۇلارنى ئويلىغانچە ئەنسىرەيمەن. جازا لاگېرلىرىدا باسقۇنچىلىق ۋەقەلىرى ۋە باشقا ئازابلىق ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن».[132]

پىلانلىق تۇغۇت چەكلىمىسىنىڭ سىرتىدا باللىرى بار نۇرغۇن ئۇيغۇر ئائىلىلىرى 2015-يىلى ئاسانلاشتۇرۇلۇپ، 2016-يىلى سەۋەبى ئېنىق بولغان پاسپورت-ۋىزا ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىنىڭ تەسىرى بىلەن باللىرىنى (دۆلەتنىڭ كېيىن باللارنى ئېلىۋالماسلىقى ئۈچۈن) خىتايدىن چىقارماقچى بولغان، بۇ چەتئەلگە چىقىرىشتىكى تىرىشچانلىقلار بىر قىسىم باللىرىنىڭ نوپۇسى بولماسلىقى سەۋەبىدىن بىرلا قېتىمدا ئەمەلگە ئاشمىغاچقا، ئائىلىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان ئىدى. باللارنىڭ بىرقىسمىنى ۋە ئانىسىنى چەتئەلگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، قالغان باللارنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن خىتايغا قايتقان دادا، قايتىشى بىلەنلا پاسپورتى تارتىۋېلىنغاچقا، چەتئەلگە قايتا چىقالمىغان، ئۇيغۇر رايونىدا قالغان باللارنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن، قايتىپ كەلگەن ئاتا-ئانىنىڭ پاسپورتىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئاندىن ئۇلارنى لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىش، باللارنى بولسا باللار لاگېرىغا ئېلىپ كېتىش ناھايىتى كۆپ ئۇچرىدىغان بىر ئەھۋال.

بىز زىيارەت قىلغان يەنە بىر گۇۋاھچى سۇدىنىسا ئابدۇلىم ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئائىلىسىدىن بەش يىلدىن بېرى خەۋەر ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى، يولدىشى بىلەن ئۆمرە سەپىرىگە چىقىپ، سەئۇدىي ئەرەبىستانغا بارغاندا، يولدىشىنىڭ شۇ يەرلىك ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانلىقىنى ۋە ئۇنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى: «يولدىشىم 2018-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا قولغا ئېلىنىپ خىتايغا ئەۋەتىلدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيمىز. ھەممە نەرسىمىز قانۇنلۇق ئىدى، تۇرۇش كىنىشكىمىز، پاسپورتىمىز بار ئىدى. بىز مەككىدە قانۇنلۇق تۇرۇۋاتقان ئىدۇق، ئۇلار يولدىشىمنى مەككىدىكى ئۆيىمىزدىن سەۋەبسىز ئېلىپ كەتتى. 2016-يىلى، ئىككى بالام تۈركىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن ئىدى، يولدىشىمنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن مەنمۇ تۈركىيەگە كەلدىم. يولدىشىم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن تۇغۇلغان بىر ئوغلۇم بار، ھازىر 5 ياشقا كىردى، دادىسىنى تېخىچە كۆرۈپ باقمىدى، مېنىڭ ئالتە بالام بار، ئۇلارنىڭ ئۈچى مەن

---

[132] ئامىنە مەمتىمىن بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى سۆھبەت.

بىلەن بىللە تۈركىيەدە، قالغان ئۈچى شەرقىي تۈركىستاندا قالدى. بەش يىلدىن بېرى تۆزۈكرەك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن. باللىرىمدىن خەۋەر ئالالماي جىق ئازاپ تارتتىم، ئۆمرە سەپىرى ئۈچۈن، ئۆيدىن پەقەت بىر ئايلىقلا ئايرىلغان ئىدىم، ۋەتىنىمگە قايتالمىدىم».[133]

ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغان دوستى ئارقىلىق ئائىلىسىدىكىلەردىن خەۋەر ئالماقچى بولغانلىقىنى بايان قىلغان سۇدىنىسا ئابدۇلىم مۇنداق دېدى: «2016-يىلى ئۆكتەبىردە ئۈرۈمچىدىن بىر دوستىمىز مەككىگە كەلدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆيۈم ۋە بارلىق مال-مۈلكۈمنى خىتاي ھۆكۈمىتى مۇسادىرە قىپتۇ، ماڭا: «ئەمدى قايتماڭ، باللىرىمىزنى تۈرمىگە تاشلىدى، سىز قايتسىڭىز سىزنىمۇ تۈرمىگە تاشلايدۇ» دېدى. 2016-يىلدىن بېرى ئۇ يەردە قالغان ھېچكىم بىلەن كۆرۈشەلمىدۇق، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2017-يىلى 1-ئايدا 24 ياشلىق قىزىم بىلەن تېلېفوندا پاراڭلاشتىم، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاۋازىنى قايتا ئاڭلىيالمىدىم. تېلېفۇندا نېمە ئىش بولغانلىقىنى دېيەلمىدى. ئۇلار مېنىڭ 24 ياشلىق قىزىم ۋە ئۇنىڭ يولدىشىنىمۇ جازا لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىپتۇ، قىزىمنىڭ ئۈچ بالىسى ۋە مېنىڭ ئىككى بالام ھەمراھسىز قالدى. ئۇنىڭ باللىرى (نەۋرىلىرىم)، مېنىڭ باللىرىم ھازىر تىرىك يېتىم بولۇپ قالدى» دەپ پارچىلانغان ئائىلىسى ۋە نەۋرىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈپ تاشلانغانلىقىنى، باللىرىنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.[134]

مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش سىياستى ۋە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش توغرىسىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن تۇرپانلىق مەريەم ئابدۇلھامىت مۇنداق دېدى: «ھۆكۈمەتتىكى كىشىلەر مېنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قاپتۇ، بالىنى چۈشۈرۈۋېتىشىمنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىغا دوختۇرلار، بۇرۇن 7-8 قېتىم مەجبۇرىي بالا چۈشۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ قېتىم بالا چۈشۈرسەم ھاياتىمنىڭ خەتەرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن قورقتۇم، 2015-يىلى پاسپورت ئېلىش ئاسانلىشىپ كەتكەن ئىدى. يولدىشىم ئىككىمىز بۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئويلاشتۇق. يولدىشىم: «سىز تۈركىيەگە كېتىڭ، مەن قىزىمىزنى ئېلىپ كەينىڭىزدىن بارىمەن» دېدى. مەن بالدۇر مېڭىشىم كېرەك ئىدى، پاسپورتىمنى ئالدىم ۋە ئىككى بالامنىمۇ ئېلىپ تۈركىيەگە كەلدىم. قىزىم ۋە دادىسى يۇرتتا قالدى. تۆتىنچى بالامغا ھامىلدار بولغانلىقىم ئۈچۈن قېچىشقا مەجبۇر بولدۇق. مېنىڭ 12 ياشلىق قىزىمنىڭ پاسپورتىمۇ چىققان ئىدى، ئەمما ئۇلار پاسپورتىنى تارتىۋالدى. شۇ چاغدىكى قورسىقىمدىكى قىزىم ھازىر 5 ياشقا كىردى. يولدىشىم لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، قىزىم دادىسىز، ئانىسىز يېتىم قالدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن پات-پات پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق. ئۇ 2017-يىلى 4-ئايدىكى پاراڭىمىزدا، دادامنى سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن تۇتۇپ كەتتى، دېگەن ئىدى. تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدۇم، ئەمما ئۇلار مېنى ئۇندىداردىن چىقىرىۋېتىپتۇ. قىزىم بىلەن بۈگۈن ياكى ئەتە كۆرۈشىمەن دەپ ئويلاپتىمەن، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشەلمىدىم. ئۇ شۇ چاغدا 12 ياشتا ئىدى، ھازىر 17 ياشقا كىردى. قىزىمنى خىتاينىڭ ياتاقلىق مەكتەپلىرىگە ئېلىپ كەتتى دەپ قارايمەن. خىتاي ئەلچىخانىسىغا ئىلتىماس خېتى بەرمەكچى بولدۇق، ئەمما ئۇلار ئالمىدى، ھېچقانداق جاۋابمۇ قايتۇرمىدى».[135]

---

[133] سۇدىنىسا ئابدۇلىم بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[134] سۇدىنىسا ئابدۇلىم بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[135] سۇدىنىسا ئابدۇلىم بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 5.8. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار

2017-يىلى ئەتىيازدا، غايەت زور لاگېر قۇرۇلۇشلىرى ئاخىرلىششى بىلەن تەڭ، كەڭ كۆلەملىك تۇتۇش دولقۇنى يۇقىرى پەللىگە چىققان مەزگىل ئىدى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى قېتىم بۇ كۆلەمدىكى بىر ئىشقا يولۇقۇشى ئىدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ھېكايىسى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرى ۋە خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ تەشۋىقات مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مائارىپ» ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئۇ 2018-يىلى 3 مىليون ئەتراپىدا (2021-يىلى 6-ئايغىچە نازارەت ئاستىدا قويۇپ بېرىلگەنلەر ۋە قول ئىشچىلىقىغا ئەۋەتىلگەنلەرنى قوشساق بىزنىڭچە بۇ سان 7 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى) ئۇيغۇر ۋە قازاقنىڭ لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. بۇ ساننىڭ ئىچىگە باللار لاگېرلىرىدا تۇتۇلغانلار كىرمەيدۇ.

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مىليونلىغان كىشىنىڭ تۇتۇلۇشى، ئائىلىسىنىڭ ئۇلاردىن خەۋەر ئالالماسلىقى ۋە تېگىشلىك قانۇنىي تەرتىپنىڭ بولماسلىقى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشايدىغانلار ۋە بۇ يەردە يېقىنلىرى ياشايدىغان چەتئەلدىكى كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىر-بىرىگە بەك ئاساسەن ئوخشايتتى. ئالدى بىلەن، ئۇندىدار ياكى يان تېلېفون بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بولغان پاراڭلىرى ئۆزگىرىشكە باشلىدى، كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش باشلانغاندىن باشلاپ، پاراڭلاردا بىر بىئاراملىق بار ئىدى، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى چەتئەلدىكى يېقىنلىرىغا «بۇ يەردە ئىشلار كۆپ ئۆزگەردى، نېمە ئىش بولىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئىشلار ئوڭشالغىچە قايتىپ كەلمەڭ» دېگەن ئىدى. بۇ مەزگىل ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ تۇغقانلىرى ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ۋە تونۇشلىرىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىجتىمائىي ئالاقە ھېساباتلىرىدىن ئۆزلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەنلىكىنى بايقىدى، قارشى تەرەپ تېلېفوننى ئاچقان تەقدىردىمۇ، بىر مەزگىل تېلېفون قىلماسلىقنى ئېيتىپ، تېلېفوننى قويۇۋەتتى. بۇ ئەھۋالدىن، چەتئەلدىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلغانلارنىڭمۇ تۇتۇپ تۇرۇش ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. 2017-2018-يىللىرى مەزگىلىدە، خىتاي سىرتىدىكى يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇر يۇتتىكى تۇغقانلىرىدىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدى. بۇ مەزگىلدە يەنە يەرلىك ساقچىلار چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقە قىلىپ، يۇرتقا قايتىشقا دەۋەت قىلىشنى باشلىدى، كېيىنكى ئايلاردا، بۇ دەۋەتلەر تېخىمۇ قاتتىق بولدى. «ئەگەر قايتىپ كەلمىسەڭ، بىز ئائىلەڭدىكىلەرنى سولايمىز» دېيىشكە باشلىدى. ئائىلىلەرنىڭ ساقچىلار ھەمراھلىقىدا چەتئەلدىكى تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلىشىمۇ ئوخشاش مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. ساقچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئاتا-ئانىلار تىترەپ كەتكەن ئاۋازلار بىلەن باللىرىغا «دۆلەتنىڭ ئۇلارغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ خىزمىتىنىڭ قانچىلىك ئۇتۇقلۇق بولغانلىقىنى» ئېيتاتتى، ئاندىن ئۇلار: «ئەمدى سىزمۇ قايتىپ كېلىڭ، بۇ يەردە ھەممە ئىشلار شۇنداق ياخشى» دەيتتى. بۇ سۆھبەتلەردىن كېيىن، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار چوڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، بەزىلىرى خىتاي قوشنىلىرى ئارقىلىق، بەزىلىرى باللىرىنىڭ خىتاي دوستلىرى ئارقىلىق باللىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى «ھەرگىز كەلمەسلىك» توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان ئىدى.

قولغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ مال-مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنغان، ئەگەر ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا تېگىشلىك كىچىك باللار بولسا، تۇققانلىرىنىڭ باللارنى بېقىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلماستىن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن، چوڭلاردىن ھېچقانداق خەۋەر ئالغىلى بولمىغىنىدەك، ئېلىپ كېتىلگەن باللاردىنمۇ ھېچقانداق خەۋەر ئالغىلى بولمايتتى. ئەگەر بىرەسى تۇتۇلغانلارنىڭ خەۋىرىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرسا، ئۇ كىشىنىمۇ لاگېرغا ئەكىتەتتى، پۈتكۈل ئۇيغۇر رايونىدا قورقۇنچ ۋە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنىشكە ئامالسىز، بۇلارنىڭ پەقەت ۋاقىتلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن ۋاقىتلىق بولمىدى. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئاخىرقى قېتىملىق پاراڭلىشىشتا ھېس قىلغان بىئاراملىقنىڭ ۋاقىتلىق ئەھۋال بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان بولۇپ، تونۇيدىغان شۇ يەرلىك ساقچىلارمۇ «سىلەر جىم تۇرۇڭلار، ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر ئەھۋال بار، ئەمما ۋاقىتلىق» دېگەن ئىدى. دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدى، تۇغقانلىرى بىلەن بولغان ئالاقە پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. 2017-يىلىدىن ئېتىبارەن، ئۇلار تونۇيدىغان ھېچكىم بىلەن كۆرۈشەلمىدى. ئىلگىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئوقۇغان ياكى ئىشلىگەن ئۇيغۇرلار خىتاي دوستلىرىدىن ياردەم سورىدى. نۇرغۇنلىرى ياردەم قىلدى. ئۇيغۇر رايونىغا بېرىپ، خەۋەر ئىگەللىمەكچى بولغان خىتاي دوستلىرى «ئەنسىرىمە، بەلكىم ئويلىغىنىڭدەك ئېغىر ئەمەستۇ، مەن بېرىپ تۇققانلىرىڭنى يوقلاپ كېلەي» دەپ بېرىپ، چۆلدەرەپ قالغان شەھەرلەر ۋە غايىب بولغان ئائىلىلەرنىڭ رېئاللىقى بىلەن يۈزلەشتى. ئۇلار ئۇيغۇر دوستلىرىغا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. 2018-يىلىدىن ئېتىبارەن، بۇ ئەھۋالنىڭ ۋاقىتلىق ئەمەسلىكىنى، سۈكۈتتە تۇرۇشنىڭ تۇغقانلىرىغا پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئۇيغۇر ۋە قازاقلار ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە ئىجتىمائىي ئالاقە توردا سۆزلەشكە باشلىدى. چەتئەلدە دوكتورلۇق ئوقۇۋاتقان رابىگۈل: «ئىلگىرى مەن ئىجتىمائىي ئالاقە توردا گۇۋاھلىق بېرىشتىن قورقاتتىم، ھازىر ئۆزۈمنى ئائىلەم ۋە ئاپامنىڭ بىردىنبىر ئاۋازى ۋە ئۈمىدى دەپ ئويلايمەن. مەن سۈكۈت قىلىپ نەتىجىگە ئېرىشەلەيدىغان بولسام، سۈكۈت قىلغان بۇ ئۈچ يىلدا ئېرىشكەن بولاتتىم. ئەتە (2021-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنى) مەن ئاپام بىلەن ئاخىرقى قېتىم پاراڭلاشقىنىمغا تۆت يىل بولىدۇ» دەيدۇ.[136]

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى توقسۇن شەھىرىدىن ئابدۇللا رەسۇل مۇنداق دەيدۇ: 2017-يىلى 4-ئايدا تۈركىيەگە مېنى يوقلىغىلى كەلگەن تاغام ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا قايتىپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا، جازا لاگېرلىرى ھەققىدە تۇنجى خەۋەرلەر چىقىشقا باشلىغان ئىدى. قىزى بىلەن ئۈندىداردا ئالاقىلىشالايتتى. ئۇنىڭ ئايالىنى لاگېرغا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قىزى تاغامغا: «دادا، سەن قايتىپ كەلمىسەڭ بولمايدۇ، ئەگەر سەن كەلمىسەڭ ئاپامنى قويۇپ بەرمەيدىكەن. ھەم مېنىمۇ لاگېرغا ئېلىپ كېتىدىكەن» دەپتۇ. تاغام بۇنىڭغا چىدىمىدى. مەن ساقلاپ تۇرايلى دېدىم، چۈنكى ئىنتايىن يامان خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىغان ئىدى. تاغام يۇرتتا دېھقان ئىدى. قايتماسلىقنى كۆندۈرەلمىدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قايتىپ كەتتى، ئۇ قايتىپ كېتىپلا ئايرودرومدا

[136] رابىگۈل ھاجىمۇھەممەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۆھبەت.

غايىب بولدى. مانا ھازىرغىچە ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلاپ باقمىدىم. ئۇنىڭ قىزى بىلەن ئالاقىلىشىپ، تاغامنى كۆرگەن كۆرمىگەنلىكىنى سورىدىم، قىزى پەقەت 3-4 سكونتلا كۆرەلىگەنلىكىنى، ئاندىن ساقچىلارنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن ئۇمۇ مېنى ئۈندىدارىدىن ئۆچۈرۈۋەتتى، كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ خەۋەر ئالالمىدىم.

2018-يىلى 6-ئايدا، مەن بىر تونۇشۇمدىن خەۋەر ئالدىم (ئۇ بىخەتەرلىك ئۈچۈن تەپسىلى توختالمىدى). دادام تۆت ئاي ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئاپام، سىڭلىم، چوڭ ئاكام ۋە نۇرغۇن تۇغقانلىرىم جازا لاگېرلىرىغا سولىنىپتۇ. مەن پاراڭلاشقان كىشى: «جىق تەپسىلاتىنى دېيەلمەيمەن، لېكىن كوچا ۋە بازارلار قۇرۇقدالدى، ئاساسەن ھەممە كىشىنى لاگېرغا سولاۋاتىدۇ» دېدى. ئۇ كىشى بىلەن بولغان ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالمىدى، ھەر 2-3 ئايدا بىر قېتىم ناھايىتى قىسقا پاراڭلىشالايمىز. ئاندىن مەن بىر تىزىملىك تۈزدۈم. مەن لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن دەپ ئويلىغان كىشىلەر: ئائىلەم، تۇغقانلىرىم، قوشنىلىرىم ۋە دوستلىرىم، 120 كىشى ئىدى. لاگېرلاردا يېتىپ چىققان بىر نەۋرە تۇغقىنىمدىن ئۈچۈر ئىگەللەپ، كىمنىڭ بار، كىمنىڭ يوقلىقىنى ئېنىق جەزملەشتۈردۈم. ئەمما ئۇ جازا لاگېرى ھەققىدە ھېچنېمە دېيەلمىدى. مېنىڭ بۇرۇنقى شېرىكىم (چەتئەللىك) نىڭ Whatsapp ى بولغانلىقى ئۈچۈن، نەۋرە تۇغقىنىم بىلەن بۇ شەكىلدە ئالاقىلىشالىدۇق. مەن ئۇنىڭدىن «بۇ تۇغقانلار بارمۇ؟» دەپ سورىدىم، ئۇ «بار» ياكى «يوق» دەپ جاۋاپ بەردى. مەن قايتا-قايتا سورىساممۇ، ئۇ لاگېرلار ھەققىدە ھېچ نەرسە دېمىدى».[137]

بۇ ھېكايىلەر ئاجايىپ ئىدى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئىشىنىش تەس ئىدى. دۇنيا جامائىتى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بۇ ئەھۋالنىڭ راستلىقىغا، بىر قىسىم لاگېر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار (چەتئەل نوپۇسىدىكى كىشىلەرنىڭ ۋە ئۇلار تەۋە بولغان دۆلەتلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن) خىتايدىن چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىغاندىن كېيىن ئىشىنىشكە باشلىدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ تۇغقانلىرى، ئاخبارات خەۋەرلىرى، سۈنئىي ھەمراھ رەسىملىرى، ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر ۋە ئەڭ مۇھىمى، خىتاي سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى تەس بولغان تەشۋىقات پروگراممىلىرى بىلەن ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ تېگىگە يېتىلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تونجى بولۇپ جازا لاگېرلىرى قۇرۇلدى. دۇنيا بىلەن شۇ رايون ئوتتۇرىسىدىكى خەلقنىڭ ئالاقىسى ئاساسەن ئۈزۈپ تاشلاندى. خىتاينىڭ سىرتىدىكى يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇر 2017-يىلدىن باشلاپ تۇغقانلىرى بىلەن نورمال ئالاقە قىلالمىدى.

خىتاي سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلارنىڭ 2018-يىلدىن باشلاپ ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ۋە خەلقئارا تاراتقۇلاردا ئالاقە قىلالمىغان تۇغقانلىرى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىغاندىن بېرى، خىتاي ئەمەلدارلىرى كونسېرى كۆچىيىۋاتقان ئاۋازنى باستۇرۇش ئۈچۈن تەھدىت سېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئاتا-ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇزۇن يىل ئالاقە قىلالمىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتقان كىشىلەرنى، خىتاي

137 ئابدۇللا رەسۇل بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ساقچىلىرى ئۆندىداردىن قوشۇپ، تورغا چىقارغان نەرسىلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىشى كېرەكلىكىنى، بولمىسا ناچار ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بۇ تەھدىتى ئىشقا يارىمىغاندىن كېيىن، يېڭى ئۇسۇل قوللىنىشقا باشلىدى. لاگېردىكى ئائىلە ئەزالىرى ياكى نازارەت ئاستىدا قويۇپ بېرىلگەنلەر ئۇلارنىڭ چەتئەلدىكى تۇغقانلىرى بىلەن ساقچىلارنىڭ ھەمراھلىقى ئاستىدا كۆرۈشتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بىز زىيارەت قىلغان نۇرغۇن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ھېكايىلىرى ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. نەچچە يىلدىن بېرى بالىلىرىنىڭ، يېقىنلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىغان، لاگېر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى ئائىلە ئەزالىرى ئەندىشىلىك ئاھاڭدا ئوخشاش گەپلەرنى قىلغان: «بىز ئىنتايىن ياخشى تۇرۇۋاتىمىز، دۆلىتىمىز بىزگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، بىز پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتىدىن ئىنتايىن رازى، ھازىر ئوقۇپ دۆلەت تىلى ئۆگىنىۋاتىمىز، ناچار ئىدىيەلىرىمىزنى ئۆزگەرتىۋاتىمىز، سىز خاتا قىلىۋاتىسىز، دۆلىتىمىزنى تىللىماڭ، قايتا خەۋەر چىقارماڭ».

چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە سالامەتلىكى ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما پاراڭلار پەقەت «دۆلەت ۋە كومپارتىيە» نى ماختاش بىلەنلا چەكلەنگەن.

ئۇزۇندىن بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئاتا-ئانىسى بىلەن ساقچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆرۈشكەن دوكتور خالمۇرات ئۇيغۇرنىڭ ئېيتقانلىرى بۇ ئەھۋالنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن مىساللارنىڭ بىرى: «ئاتا-ئانام قويۇپ بېرىلگەن دەسلەپكى 6 ئاي، ئۇندىدار قاتارلىق ئالاقە ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىشى چەكلەنگەن ئىدى. مەن بىلەن ئالاقە قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا بېرىپ تىزىملىتىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار 6 ئايغىچە بۇ ئىشخانىدىنلا تېلفون قىلالايتتى. 19 ئايدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى سۆھبىتىمىز ئىنتايىن بىنورمال بولدى. ئاپام بىلەن دادام ھەر ئىككىسى ماڭا غەلىتە بىر خىل گەپ قىلدى. بۇ سۆھبەتتە قىلچىلىك ھاياجان يوق ئىدى، ئۇلار «بىز ياخشى، ھەممە ئىش ياخشى» دېگەندىن باشقا ھېچنېمە دېيەلمىدى، بىز تۇنجى قېتىم پاراڭلاشقاندا، مەن ئۇلاردىن «قانچە كىلو ئورۇقلىدىڭىز» دەپ سورىدىم، ھەتتا بۇ سوئالىمغىمۇ جاۋاپ بىرەلمىدى. يۈرىكىم پەقەت چىدىمىدى، مەن ئاپام بىلەن دادامنىڭ ئۆز ئۆيىدە، ساقچى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا پاراڭلىشىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇلار تېلېفون قىلغاندا (ئىجتىمائىي ئالاقە توردىكى يازمىلىرىمنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ ماڭا تېلېفون قىلغۇزغاندا)، ئۇلارنىڭ تېلېفونىغا جاۋاب بەرمىدىم. ئۇلارغىمۇ بۇنداق قىلمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. 6 ئايدىن كېيىن بىز نورمال (ساقچىسىز) ئۇندىداردا پاراڭلىشالايدىغان بولدۇق. ئۇلار بەك سېغىنغان ئىدى، بىر تەرەپتىن يىغلاۋاتاتتى. ناھايىتى قىزغىن پاراڭلاشتۇق، ئەمما ئۇلار مەن شۇنچە سورىساممۇ، لاگېرلاردا يۈز بەرگەن ئىشلار توغرىسىدا ماڭا ھېچ نەرسە دېمىدى».[138]

ئىككى كىچىك قىزى ۋە يېقىن تۇققانلىرىدىن خەۋەر ئالالمىغان كورلىلىق ئۆمەر فارۇقمۇ ساقچىلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قىلغان ئالاقىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان تەكلىپىنى مۇنداق بايان قىلدى: «ئاكىلىرىم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، بالىلىرىم قېيىنئانامنىڭ ئۆيىگە كەتتى. 2017-يىلى 11-ئايدا، قېيناتام ۋە قېيىنئاناممۇ قولغا ئېلىنىپتۇ، شۇ كۈنگىچە مەن قىزلىرىم

---

[138] خالمۇرات ئۇيغۇر بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 31-كۈندىكى سۆھبەت.

بىلەن ئازراق بولسىمۇ كۆرۈشەلەيتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىق ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالدى. بالىلىرىم توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇر ئىگىلىيەلمىدىم. تۇتۇپ تۇرۇش دەسلەپ باشلانغان ۋاقىتتا، بارلىق تۇغقانلىرىم، ھەتتا ئاكامۇ مېنى ئۈندىداردىن ئۆچۈرۈۋەتكەن ئىدى. چۈنكى چەتئەل بىلەن ئالاقىسى بار ھەممە كىشىنى لاگېرغا ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئاكام قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، مەن گۇۋاھلىق سىنلىرىنى ھەمبەھىرلەشكە باشلىدىم. ئاندىن كېيىن ئاكامنى تونۇيدىغان خىتاي ئاخبارات خادىملىرى ماڭا خەت يېزىشقا باشلىدى، ئۇلار «ئاكاڭغا ھېچ ئىش بولمايدۇ، لاگېردىكى ئوقۇشىنى تاماملىسا سىرتقا چىقىدۇ، بىز ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، شۇڭا سەنمۇ توردا باشقا نەرسە چىقارما» دېدى. مەن ئىككى ئايغىچە ساقلىدىم. مەن ساقچىلاردىن بالىلىرىمنىمۇ سورىدىم، ئۇلار «ياخشى» دېدى، مەن «قەيەردە» دېسەم، ئۇلار «باشقا تۇغقانلىرىڭنىڭ يېنىدا» دېدى. كۆرگۈم بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم، «ھازىر مۇمكىن ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى. «بىز ئۇچۇن بىر ئىش قىلساڭ، ئاندىن قىزلىرىڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭ بىلەن كۆرۈشەلەيسەن» دەپ تەكلىپ بەردى. «سەن تۇرۇۋاتقان دۆلەتتە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بار، ئۇلار بىلەن يېقىندىن ئالاقىلەش ۋە بىزگە خەۋەر قىل، ئۇلار بىلەن يېقىن ئارىلاش» دېدى. مەن ئۆز ئادەملىرىمگە بۇنداق قىلالمايتتىم ھەم قىلمىدىم».[139] بىر زىيارەت قىلغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ تۇغقانلىرىدىن جەۋلان شىرمەمەتمۇ خىتاي ساقچىلىرىنىڭ بۇ خىل تەلىپىگە ئۇچرىغان بولۇپ، خىتاي ساقچىلىرى ئۇنى چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆزىتىشكە ۋە ئۇلار ھەققىدە ئۇچۇر توپلاشقا دەۋەت قىلغان، ھەتتا خىلى زورلاپ باققان ئىكەن.[140]

غۇلجا شەھىرىدىن ئەلفىرە نۇرمۇھەممەدنىڭ ھېكايىسى چەتئەلدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئوخشايدۇ: «يولدىشىمنىڭ يىراق بىر تۇغقىنىدىن ئاڭلىشىمچە، دادام بىلەن ئاپامنى لاگېرغا ئېلىپ كېتىپتۇ. سەۋەبى ئۇلار ماڭا ۋە سىڭلىمغا پۇل ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ لاگېرغا ياكى تۈرمىگە تاشلانغانلىقىنى بىلمەيتتىم. قېيىنئانامنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىپتىكەن، بىر ئاي ئۆتتى، مەن ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ساقلىدىم، ئىككى ئاي ئۆتتى، يەنە ساقلىدىم، بىر يىل بولدى. بۇ جەرياندا، مەن تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى مېنى ئۈندىداردىن ئۆچۈرۈۋەتتى. سىڭلىم مېنى ئۈندىداردىن ئۆچۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ يوللىغان رەسىملىرىنى، يازمىلىرىنى كۆرەلەيتتىم. ئەمما سىڭلىم 10 كۈنگىچە ھېچقانداق نەرسە چىقارمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەنسىرەشكە باشلىدىم، كېيىن ئۇلارنىڭ سىڭلىم ۋە تاغامنىمۇ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم.

جازا مۇددىتى ئېنىق بولۇپ تۈرمىگە سولانغانلار بىلەن چەكلىك دائىرىدە ئالاقىلەشكىلى بولىدۇ، ئەمما لاگېرغا سولانغانلاردىن ھېچقانداق خەۋەر ئالغىلى بولمايدۇ، مەن تۇغقانلىرىمدىن «ئۇلار قاچان كەتتى؟ قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟» دەپ سوراپ باقتىم، ئۇلار «بىز بىلمەيمىز» دەپ جاۋاب بەردى. تۆت يىل ئىككى ئاي بولدى (زىيارەت 2021-يىلى 4-ئايدا ئېلىپ بېرىلدى)، ئاتا-ئانام ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلاپ باقمىدىم. قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنىمۇ

139 ئۆمەر فەرۇخ بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى سۆھبەت.
140 جەۋلان شىرمەمەت بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۇقمايمەن، ھەدەمنىڭ يولدىشى ئابدۇرەھىم ئابدۇھېيتمۇ قولغا ئېلىندى. ناھايىتى ساغلام بالا ئىدى، ئىككى يېرىم يىل لاگېردا تۇرۇپ، ماڭالمايدىغان، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. تېخى 26 ياشتا ئىدى».[141]

نورۋېگىيەدە ياشايدىغان سەمەت ئابلا: «مەن ئاپام بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2017-يىلى 9-ئايدا پاراڭلاشتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىزمۇ باشقا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش يۇرتتىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلالمىدۇق. ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن جىق كۆچىدىم، ئەمما ئۈنۈمى بولمىدى. مەن 2020-يىلى يېڭى يىلدىن كېيىن، ئىچىمگە قۇرت چۈشتى، خۇددى بىر يامان ئىش يۈز بەرگەندەكلا، تونۇيدىغان ھەممە كىشىگە تېلېفون قىلىپ باقتىم، لېكىن ھېچكىم تېلېفوننى ئالمىدى، بۇ يەردىكى باشقا ئۇيغۇرلارغا «ئەگەر خەۋەر ئالالىساڭلار، مەن بىلەن ئورتاقلىشىڭلار» دېدىم. بىر دوستىمىز 2020-يىلى 2-ئاينىڭ ئاخىرىدا خەۋەرلىشەلىدى. ئاپام تۈگەپ كېتىپتۇ. ئاپام بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكىنىمگە ئىككى يېرىم يىل بولغان ئىدى. ئاچىلىرىم ۋە ئىنىم بار ئىدى، ئەمما ئۇلار بىلەنمۇ ئالاقىلىشەلمىدىم، قانداق بولدى؟ قانداق تۈگەپ كەتتى؟ دوختۇرخانىدىمۇ، لاگېرلاردىمۇ ياكى ئۆيدىمۇ؟ مەن بۇلارنى بىلىش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشتىم، ئەمما ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشەلمىدىم.

2017-يىلى ئۇلار كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىشنى باشلىدى. ئۇ ۋاقىتتا مەن ئاپامدىن ئىشلارنىڭ يامانغا قاراپ ماڭغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. 2017-يىلدىكى پاراڭلىرىمىزدا، ئاپام قاتتىق ئەنسىرەپ داۋاملىق «ئەھۋال ئىنتايىن سەزگۈر، كۆپ گەپ قىلىشمايلى» دەيتتى. چاتاق چىققانلىقى راست ئىدى. ئەمما ھېچكىم تەپسىلاتنى ئېيتالمايتتى. بىر قېتىملىق پاراڭلىرىمىزدا، ئاپامنىڭ كۆڭلى ئىلگىرىكى پاراڭلىرىمىزدىنمۇ بەكرەك يېرىم ئىدى. ئۇ يەردىكى ساقچىلارنىڭ ئىنىمنى ئاۋارە قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئاپام مەندىن ئىنىمنىڭ ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، يەرلىك ساقچىلار بىلەن سۆزلىشىشىمنى تەلەپ قىلىپ، «ئۇلار سىز بىلەن پاراڭلاشماقچىكەن، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلىڭ» دېدى. ئاندىن ئۇ ساقچىلار مېنى ئىزدەشكە باشلىدى. Whatsapp دا ئۈچۈر يوللاشقا باشلىدى. خىتايدا Whatsapp ئىشلىتىش چەكلەنگەن، ئەمما ئۇ يەردىكى ساقچىلار چەتئەلدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدۇ. ماڭا ئۈچۈر يازغان ساقچىلارنىڭ بىرىنى تونۇيتتۇم. ئۇنىڭ ئىنىسى مېنىڭ دوستۇم ئىدى. ئەۋەتكەن ئۇچۇرلىرى ناھايىتى سىپايە ئىدى، مېنىڭ ئەھۋالىمنى، ئاپام دادامنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، ماڭا ئاپامنى ئويلىشىپ قويۇشىم كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭ بەك قېرىپ كەتكەنلىكىنى، ئەگەر مەن خالىسام ئاپامنى ھەر قانداق جايدا كۆرەلەيدىغانلىقىمنى ئېيتتى. ئۇلار ماڭا ھەمكارلىشىشنى تەكلىپ قىلدى. (باشقا ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئۈچۈن) ئەگەر مەن ھەمكارلاشسام، ئاپام بىلەن خالىغان ۋاقىتتا پاراڭلىشالايدىغانلىقىمنى ئېيتتى. مەن رەت قىلدىم. بىز پاراڭلىشىش جەريانىدا، شۇم خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىغان ئىدى. مەن ئۇ ساقچىدىن «نېمىشقا بۇ كىشىلەرنى تۈرمىگە تاشلايسىلەر؟ نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «بۇ كىشىلەر تېرورچى، شۇڭا بىز تۇتۇپ كېتىپ تەربىيەلەيمىز» دېدى. ئۇلارنىڭ تېرورچى دېگىنى ئۆز تۇرمۇشىنى قامداپ ياشايدىغان ئادەتتىكى كىشىلەر ئىدى. ئاخىرقى قېتىم 9-ئايدا

[141] ئەلفىرە نۇرمۇھەممەت بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئاپامغا تېلېفون قىلغىنىمدا، ئۇ ساقچى ئاپامنىڭ يېنىدا ئۆيدە ئىدى. ئاپام تېلېفوننى ئېچىپ يىغلاپ كەتتى. ئىلگىرى تېلېفۇننى ئاچقاندا ئەھۋالىمنى سورايتتى، بۇ قېتىم ئۇ تېلېفوننى ئېلىپلا يىغلاپ كەتتى. ئۇ «سىز تېلېفون قىلغاندا ساقچىغا دېيىشىم كېرەك» دېدى. شۇنداق كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئۇ: «ياشاش تولىمۇ تەس بولدى» دېدى. ئۇ يەنە ئىنىمنىڭ 3 ـ 4 كۈن ئىلگىرى ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانلىقىنى، نەگە ئېلىپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئۇقمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاپام ماڭا بۇلارنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، بۇ ئاخىرقى قېتىملىق پارىڭىمىز بولۇپ قالدى».[142]

لاگېردىكى كەچۈرمىشلەرنى جىنايەتچى كۆزىدىن ئەمەس، ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن ۋە ناھايىتى مۇھىم گۇۋاھلىق بەرگەن ئۆزبەكىستانلىق خىتاي تىلى ئوقۇتقۇچىسى قەلبىنۇر سىدىق، ئۆزىنىڭ خىتايدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «مەن پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، قىزىمنىڭ يېنىغا گوللاندىيەگە كەتكۈم بار ئىدى. ئەمما 2016 ـ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى مېنىڭ ۋە يولدىشىمنىڭ پاسپورتىنى مۇسادىرە قىلدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ پاسپورتىنى مۇسادىرە قىلىشقا باشلىغان ئىدى. سىزنىڭ دۆلەت كادىرى ئىكەنلىكىڭىز مۇھىم ئەمەس ئىدى. مەن پاسپورتنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ناھايىتى تىرىشتىم. 20 نەچچە يەرگە باردىم، ئەمما قايتا ئالالمىدىم. ئۇ ئىدارىدىكىلەر: «ئەگەر سەن كەتسەڭ، بۇ يەردە كۆرگەنلىرىڭنىڭ ھەممىنى ئاشكارىلايسەن» دېدى. قىزىمنىڭ تويى بولدى، تويىغىمۇ بارالمىدىم. قىزىم كۆپ قېتىم تەكلىپنامە ئەۋەتتى. مەن نۇرغۇن ئىدارىغا باردىم، ئاخىرى بىرەيلەننىڭ ئىنسابى كېلىپ: «مېنىڭچە سىز بارالايسىز، چۈنكى سىز ئۇيغۇر ئەمەس، ئۆزبەككەنسىز» دېدى. ئەمما يولدىشىم ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «پاسپورتنى ئويلاشما» دېدى. 9 ئاي تىركىشىشتىن كېيىن، پاسپورتىمنى ئاخىر قولۇمغا ئالدىم. يولدىشىم چىقالمىدى. ئۇ تېخىچە شەرقىي تۈركىستاندا. مەن گوللاندىيەگە كەلدىم. بىز ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2020 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۈندىداردا پاراڭلاشقان ئىدۇق. «ئايالىڭ بىر ئاي ئىچىدە قايتىپ كەلمىدى» دەپ ئۇنى قىيناپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالاقىمىز ئۈزۈلدى. ھازىرغىچە ھېچقانداق تۇغقىنىم بىلەن ئالاقىلىشەلمىدىم. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئاكام ۋە ئىنىلىرىم بىر نەچچە قېتىم تېلېفون قىلدى. ئۇلار يولدىشىمنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. ساقچىلار مېنى تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشتۈردى. «سىز كەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن بىز مۇشۇ ئەھۋالغا قالدۇق، بىزنىڭ ئۆلۈشىمىزنى خالامسىز؟» دېدى بەزى تۇغقانلىرىم. ئاندىن مېنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى مېنى ئۈندىداردىن ئۆچۈرۈۋەتتى، بەلكىم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى لاگېرلارغا ئېلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن».[143]

[142] سەمەت ئابلا بىلەن 2021 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.
[143] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

## 6. ئائىلە قۇرۇلمىسىغا ئارىلىشىش

خىتايلاشتۇرۇش ۋە بىخەتەرلىك سىياسىتىنى قوللاش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئىنتايىن قاتتىق كونترول مېخانىزمى ئورناتتى. ئۇلارنىڭ بىرى «تۇققان ئائىلە» دەپ ئاتىلىدىغان پروگراممىدۇر. چەتئەلدە قانۇن كەسپىنى ئوقۇۋاتقان جەۋلان شىرمەمەت ئاپىسى ھەققىدىكى گۇۋاھلىق سۆزىدە «تۇققان ئائىلە» پىلانىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئاپام بىلەن دادام ھەر ئىككىسى كادىر ئىدى. 2016-يىلدىن باشلاپ، دۆلەت ئۇلارنى يېزىلارغا ئەۋەتىشكە باشلىدى. ئاتا-ئانام ساقچى ياكى ئەسكەر ئەمەس ئىدى. ئەمما دۆلەت بىخەتەرلىك ئۈچۈن كادىرلىرىنى يېزىغا ئەۋەتەتتى. ئاپام سودا سانائەت ئىدارىسىدا بوغالتىر بولۇپ، ئۇ ئىشلەيدىغان بۆلۈمدىكى ھەممەيلەننى يېزىغا ئەۋەتىپ، باشقىلار بىلەن مەجبۇرى تۇغقان قىلدى. مەنمۇ ئاپام بىلەن بىر نەچچە قېتىم باردىم. دەسلەپتە بىزنىڭكىگە ئوخشاش ئۇيغۇر كادىرلىرى بار ئىدى. ئاندىن پەقەتلا خىتاي كادىرلىرى بېرىشقا باشلىدى. خۇددى كادىرلار بىلەن يېزا ئاھالىلىرى بىر-بىرىگە ئىچەكەشسۇن دەپ پىلانلىغاندەك كۆرۈنەتتى».[144]

ئەۋەتىلگەنلەر پەقەت خىتاي كادىرلىرى بولۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ نارازىلىقىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ۋە ئىنكاس قايتۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان بۇ پىلان، دۆلەتنىڭ ئائىلىلەرنى نازارەت ئاستىغا ئېلىشتىكى ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەر ئائىلە ئەزالىرى لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن ئەھۋالدا، ئۆيدە قالغان ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن «مەجبۇري تۇغقان» دەپ بېكىتىلگەن كادىرلار داۋاملىق ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىلدى. ئاپىسى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرگەن رابىگۈل ھاجىمۇھەممەد «2018-يىلى قىشتا بىر تونۇشۇم بىلەن پاراڭلاشقان ئەسنادا «تۇغقانلىرىمىز مېھمانغا كېلىدۇ» دېدى. مەن «كىملەر؟» دەپ سورىدىم، ئۇ «يېڭى تۇغقانلىرىمىز» دېدى، مەن تۇغقانلارنىڭ كىملىكىنى سورىدىم. ئۇ «كىملىكىنى سورىماڭ، يېڭى تۇققانلىرىمىز» دېدى. ئاندىن يەنە بىرەيلەن ياردەمگە كەپتۇ، 30 ياشتىن ئاشقان ئۈچ خىتاي ئەر كادىر ئۇ كۈنى تونۇشىمىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ بىر كېچە قونۇپتۇ، ئۆيدە پەقەت تونۇشۇم، ئاكىسى ۋە ياردەمگە كەلگەن تۇققىنى بار ئىكەنتۇق» دەيدۇ.[145]

بۇ پىلانىنىڭ، ئۆيدە قالغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ئارىلىشىش ۋە تەشۋىقات ئۇسۇلى سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقىنى بايان قىلغان رابىگۈل ھاجىمۇھەممەد: «لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن يەنە بىر تونۇشىمىزنىڭ قىزىمۇ رەسىم ھەمبەھىرلىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىگىمۇ بىر جۈپ خىتاي ئەر-ئايال كەپتۇ. تونۇشىمىز لاگېردىكى ۋاقىتتا، كەلگەن خىتاي ئائىلىسى ئايالى ۋە ئۈچ بالىسى بىلەن رەسىملەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇ رەسىملەرنى چوقۇم ھەمبەھىرلەش كېرەك، چۈنكى ئۇمۇ بىر تەشۋىقات. يېڭى تۇغقانلار ئۆيگە كېلىپ يەپ ئىچىدىكەن، خىتاي قانائلىرىنى كۆرىدىكەن، ئۇلار ھازىر سىياسەتنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، دۆلەتنىڭ ياخشى خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەيدىكەن» دەپ، خىتاينىڭ«قېرىنداش ئائىلە» پىلانى ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرىنى يىغىنچاقلىدى.[146]

---

[144] جەۋلان شىرمەمەت بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[145] رابىگۈل ھاجىمۇھەممەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[146] رابىگۈل ھاجىمۇھەممەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كورلا شەھىرىدىن ئابدۇراخمان سوٗتوٗقموٗ ئوٗزىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە توربىدا توٗغقانلىرىنىڭ خىتايلار بىلەن چوٗشكەن رەسىملىرىنى كوٗرگەنلىكىنى ئېيتتى: «مەن ھوٗكوٗمەت تەرىپىدىن ئېچىلغان بىر ئوٗندىدار گوٗروٗپپىسىدا، تاغام ۋە نەۋرە توٗغقانلىرىمنىڭ خىتاي كادىرلىرى بىلەن چوٗشكەن رەسىملىرىنى كوٗردوٗم. ئاچامنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەنلەرنىڭ سىرتىدا باشقا توٗققانلارنىڭمو ئوٗيىگە كەلگەن خىتايلارنىڭ رەسىمنى ئەۋەتىپتوٗ».[147]

ئاقسوٗلوٗق ئابدوٗرېھىم غېنى، مەجبوٗرىي توٗغقاندارچىلىق «قېرىنداش ئائىلە» پىلانىنى توٗنجى قېتىم قانداق ئاڭلىغانلىقىنى بىز بىلەن ئورتاقلاشتى: «ئوٗنىۋېرسىتېتتىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئوٗندىدار گوٗروٗپپىسى بار ئىدى. ئوٗلار «بوٗ بىزنىڭ قېرىنداش ئائىلىمىز، توٗغقانلىرىمىز» دەپ رەسىم ئەۋەتىپ توٗراتتى. مەن، بوٗلارنى نەدىن تاپتىڭلار؟ دېسەم، ئوٗلار «ھوٗكوٗمەت ھەر بىر ئائىلىگە بىر خىتاي توٗغقان بەردى، شوٗنداق تاپتوٗق» دېدى. شوٗنداق قىلىپ مەن 2015 ـ يىلى توٗنجى قېتىم «قېرىنداش ئائىلە» پىلانىنى ئوٗققان بولدوٗم».[148]

شەھىدە ئەلى ئوٗيغوٗر ئائىلىلىرىنىڭ ئوٗيىگە ئەۋەتىلگەن كوٗزەتكوٗچىلەر ۋە «قېرىنداش ئائىلە» پىلانىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ موٗنداق دېدى: «قېرىنداش ئائىلە پىلانى كوٗپىنچە شەھەرلەردە ئېلىپ بېرىلىدوٗ، بوٗ ئىككى ئائىلە بايرام ياكى ئالاھىدە بىر كوٗندە جەم بولىدوٗ. يېزىلارغا، قارشىلىق كوٗرسىتىشكە جوٗرئەت قىلالمايدىغان كىچىك يەرلەردىكى ئوٗيلەرگە كوٗزەتكوٗچى ئەسكەرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەر كوٗزەتكوٗچىلەر ئوٗروٗمچى ۋە قەشقەرنىڭ يىراق يېزىلىرىدىكى، ئوٗيىدە ئەركىشى بولمىغان ئوٗيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى» دەيدوٗ.[149] ئەنئەنىۋي ئوٗيغوٗر كىملىكىنىڭ يېزا ئوٗلتوٗراق رايونلىرىدا تېخىمو گەۋدىلىك بولوٗشى سەۋەبىدىن، بوٗ رايونلاردا بىخەتەرلىك ۋە خىتايلاشتۇرۇش پىلانىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، كونترول مېخانىزمىنى كوٗچەيتكەندەك قىلىدوٗ.

موٗددەتسىز قاماق جازاسىغا ھوٗكوٗم قىلىنغان مەشھوٗر ئوٗيغوٗر ئالىمى، پروفېسسور، دوكتور ئىلھام توختىنىڭ قىزى جەۋھەر ئىلھاموٗ خىتاي دوٗلىتىنىڭ بوٗ ئادەتنى ھەر بىر رايوندا ئوخشىمىغان دەرىجىدە قوللانغانلىقىنى ئەسكەرتىپ موٗنداق دېدى: «ئادەتتە، ئەر كادىرلار ئائىلىلەرنى كوٗزىتىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدوٗ. ئاڭلىشىمىزچە، ئوٗيىدە توٗرغىلى كەلگەن ئەر كادىرلار ئوٗيدىكى ئاياللار ئوٗچوٗن كېلىدىكەن. مېنىڭچە خىتاي ھوٗكوٗمىتى بىلىپ توٗروٗپ ئەر كادىرلارنى تەيىنلىدى» دېدى.[150]

خېلى كوٗپ گوٗۋاھچىلارنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان پىكىرنى ئوتتوٗرىغا قويغان ئاقسوٗلوٗق ئابدوٗغېنى سابىتنىڭ ئېيتىشىچە، «قېرىنداش ئائىلە»نىڭ ئوخشىمىغان شەكلى سوٗپىتىدە بوٗروٗنمو، ئوٗيغوٗرلارنى ئوٗيدە كونترول قىلىش ئوٗچوٗن سىناق قىلغان. «قېرىنداش ئائىلە پىلانى مەن شەرقىي توٗركىستاندىكى چېغىمدا باشلانغان. ئاكام بوٗ پىلاندا ئىشلەيدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى. مەن توٗغوٗلوٗپ چوڭ بولغان ئاقسوٗدا قىزىل ۋە ئايكوٗلدىن ئىبارەت

---

[147] ئابدوٗراخمان سوٗتوٗق بىلەن 2021 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كوٗنىدىكى سوٗھبەت.
[148] ئابدوٗرېھىم غېنى بىلەن 2021 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كوٗنىدىكى سوٗھبەت.
[149] شەھىدە ئەلى بىلەن 2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كوٗنىدىكى سوٗھبەت.
[150] جەۋھەر ئىلھام بىلەن 2021 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كوٗنىدىكى سوٗھبەت.

ئىككى يېزا بار ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇ يەردە ناھايىتى زىچ ئولتۇراقلاشقان. زىيالىيلار، داڭلىق دېھقانلار ۋە سودىگەرلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش سىياسىتىدىن خەۋەردار ئىدى. ھۆكۈمەت ئۇلارنى كونترول قىلىش مەقسىتىدە، بەزى كادىرلارنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرغان. پىلان شۇ ۋاقىتتىن باشلانغان. 2000-يىللىرى ئەتراپىدا دېسەك بولىدۇ، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا سىناق مەقسىتىدە ئىجرا قىلغان، ئەمما لاگېردىن كېيىن، دۆلەت ئۇنى رەسمىي ۋە كەڭ تۈردە ئىجرا قىلدى».[151]

مەشھۇر ئۇيغۇر كومېدىيە ئارتىسى ئادىل مىجىتنىڭ كۈيئوغلى، مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئارسلان ھىدايەتمۇ، لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن ئەرلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن تەخمىنەن 1 مىليون 100 مىڭ خىتاي كادىرنىڭ كۆزەتكۈچى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنى بايان قىلدى. «بۇ كادىرلارنىڭ ۋەزىپىسى، ئۆيدىكىلەر ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشەمدۇ؟ دىن ئۆگىنەمدۇ؟ جەينىماز بارمۇ- يوقمۇ؟ دېگەندەك ئۆي خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى نازارەت قىلىدۇ». ئارسلان ھىدايەت يەنە كادىرلارنىڭ ئۆيدىكىلەرنى نازارەت قىلىشى نۇرغۇن جىنايى ئىشلارغىمۇ سەۋەپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى: «بىز بۇ كادىرلار بارغان ئۆيلەردە نۇرغۇن باسقۇنچىلىق ۋەقەلىرىنىمۇ ئاڭلىدۇق. 13-15 ياش ئارىلىقىدىكى قىزلارنىڭ ئىچىدە ھامىلدار قالغانلارمۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلارمۇ بار».[152] ئارسلان ھىدايەت دوستى زۇمرەت داۋۇتنىڭ «قېرىنداش ئائىلە» پىلانىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «قېرىنداش ئائىلە بولغان ئىككى ئائىلە چوقۇم كۆرۈشۈپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. بۇ پىلاندا ھەممەيلەننىڭ تۇققىنى بولۇشى ۋە يات جىنسلىق تۇققىنى بولۇشى لازىم ئىدى. زۇمرەت خانىمنىڭ 12 ياشلىق بىر قىزى بولۇپ، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ قىزىغا 21 ياشلىق خىتاي ئەرنى تۇققان قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇ خىتاي ھەمىشە زۇمرەت خانىمنىڭ قىزىغا تېلېفون قىلاتتى، مەكتەپكە باردىمۇ؟ مەكتەپتىن قانچىدە چىقىدۇ؟ مەكتەپكە ئالغىلى باراي دەپ ھەر كۈن ئەھۋالىنى ئىگەللەپ تۇراتتى». بۇ باياندىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، لاگېرغا ئېلىپ كېتىلمىگەن 18 ياشتىن تۆۋەن باللار سىرتتا داۋاملىق نازارەت ئاستىدا ياشايدۇ.[153] ئۇنىڭ ئۈستىگە چوقۇم قېرىنداش ئائىلىنىڭ يەيدىغان تاماقىدىن يېيىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ يەردە رەسىمگە چۈشۈپ، ھۆكۈمەتكە ئەھۋالنى ئىسپاتلىشى كېرەك. مەسىلەن، خىتاي ئائىلىسى ئۈستەلگە چوشقا گۆشى قويسا، يېگۈڭىز كەلمىسىمۇ چوقۇم يېيىشىڭىز كېرەك. زۇمرەت خانىم قېرىنداش ئائىلىنىڭ ئۆيىدە «چوشقا گۆشى يېيەلمەيمەن» دېگەندە، خىتاي ئائىلىسىدىكىلەر: «يېيىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنى ئاغزىڭىغا ئاپىرىپ يەۋاتقاندەك كۆرۈنۈڭ، مەن رەسىمگە تارتىۋالاي» دەپ ياخشىلىق قىلغان بوپتۇ.[154] ئارسلان ھىدايەت يەنە بىر قىسىم خىتاي ئائىلىلەرنىڭمۇ بۇ پىلانغا مەجبۇرىي كىرگۈزۈلگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇيغۇرلارنى بەزى ئىشلارغا زورلىمايدىغانلىقىنى، بەزى خىتاي ئائىلىلىرى بۇ ئادىمىيلىكتىن چىقىپ كەتكەن پىلاننى قىلىشنى خالىمىسىمۇ، مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتى. خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ كادىرلار ۋە كەڭ دائىرىدىكى پارتىيە

[151] ئابدۇغېنى سابىتبىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[152] ئارسلان ھىدايەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[153] ئارسلان ھىدايەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[154] ئارسلان ھىدايەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى سۆھبەت.

www.uyghurkitap.com

ئەزاسى تورىنى ئىشلىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى پەقەت ئىدىيە جەھەتتىلا ئەمەس، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى جەھەتتىمۇ «تازلاپ» ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن «مەجبۇري تۇغقاندارچىلىق» پىلانىنى يۈرگۈزۈپ، خەلقنىڭ ئاممىۋى تۇرمۇشىدىن سىرت. شەخسىي ئائىلە تۇرمۇشىنى كونترول قىلىغان. جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئەندىشىدە قالغان ئۇيغۇرلار، ئۆز ئۆيىدىمۇ يەنە بۇ خىل كونترول ۋە نازارەت ئاستىدا تۇتۇلۇۋاتىدۇ.

دوختور سىڭلىسى گۈلشەن ئاباساقا گۇۋاھلىق بەرگەن ئۇرۇمچىلىك روشەن ئاباس ئۇندىداردا كۆرگەن بىر سىن ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىپ رەسىمگە چۈشكەن ئۈچ خىتتاي ئەر ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدا بالىسىنى باغرىغا بېسىپ تۇرغان ئايالنىڭ رەسىمىنى ھەممەيلەن كۆردى ۋە بۇ كۆرۈنۈش ئۇيغۇرلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. چۈنكى بىز ئىلگىرىكى گۇۋاھلىقلاردىن بۇ كادىرلارنىڭ ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغان ئىدۇق». [155] روشەن ئاباس بۇ باسقۇنچىلىق دېلولىرىنى ئىسپاتلايدىغان باشقا بايانلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ «بىز تاپشۇرۇۋالغان ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، ئەر ئائىلە ئەزالىرى لاگېرغا سولانغان ئائىلىلەردە، خىتاي كادىرلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان دوكلاتى بىلەن ئاياللارغا تەھدىت سېلىپ، جىنسىي مۇناسىۋەتكە زورلىغان. چۈنكى ئۇ كادىر دوكلاتىغا سىز توغرىلىق «رادىكال پىكىرلىرى بار» ياكى «ئۆيدە ناماز قىلىدۇ» دەپ يازسا، بۇ سىزنىڭ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىشىڭىزگە ۋە بالىلىرىڭىزنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن «تارتىۋېلىنىشىغا» سەۋەب بولىدۇ» دېدى ۋە يالغۇز قالغان ئاياللار دۇچ كەلگەن تەھدىت ۋە باسقۇنچىلىقنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. [156]

جىنسىي تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان بىر قىسىم ياش ئاياللارنىڭ بۇ باسقۇنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقان روشەن ئاباس، «دىنىمىزدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئەمما يەنە باسقۇنچىلىققا ئۇچراشقا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن، بۇ ئەھۋالدا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىم توغرىمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورايدىغانلارنىڭ بەك كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئۇ كىشىلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق ۋە ھاقارەت خاراكتېرلىك مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلدى. [157]

روشەن ئاباس: «بۇلارنى ئۇندىداردا يازغان ئاياللار، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئۇچۇرلارنىڭ مەزمۇنىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ۋە كېيىنچە تېخىمۇ كۆپ بېسىم ۋە باسقۇنچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىسىمۇ، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى يېزىشتىن قورقمىدى، بۇ باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئاياللارنىڭ قانچىلىك چارىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دېدى. [158]

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاقسۇ شەھىرىدىن يەنە بىر گۇۋاھچى پروفېسسور دوكتور ئەركىن سىدىق، «قېرىنداش ئائىلە پىلانى»نى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ئاياللار ئۇچرىغان خورلۇق ۋە زۇلۇمدىن

[155] روشەن ئاباس بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 21-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[156] روشەن ئاباس بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 21-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[157] روشەن ئاباس بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 21-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[158] روشەن ئاباس بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 21-كۈنىدىكى سۆھبەت.

كۆپچىلىكنىڭ خەۋىرى بارلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىز خىتاي كادىرلىرىنىڭ كېچىدە ئۇيغۇر ئاياللىرى بىلەن بىر كارىۋاتتا ئۇخلىغانلىقىنى ۋە باسقۇنچىلىق ۋەقەلىرىنىڭمۇ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىمىز. بىز يەنە بىر قىسىم باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان قىزلارنىڭ خىتاي كادىرلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلانغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەڭ يېڭى چىققان كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرىدە، بىر خىتاي كادىرنىڭ ئۇيغۇر ئايالنى ھاراق ئىچىشكە قىستىغانلىقىنى كۆردۇق. ئەپسۇس ئۇيغۇرلار بۇنىڭغا ياق دېيەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار قارشىلىق كۆرسەتسە، جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ».[159]

## 7. ئاياللارغا قارىتىلغان مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش سىياستى

مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش ۋە بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى دۆلەتلەرنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، بولۇپمۇ «ياقتۇرۇلمىغان» كىشىلەر توپىدا يولغا قويغان بىر يۈرۈش بىئولوگىيىلىك سىياسەتتۇر. بۇ سىياسەتلەر دۆلەتلەرنىڭ ياش ۋە تۇغالايدىغان ئاياللارنىڭ بەدىنىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، مەلۇم بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ (ئېتنىك، مەدەنىيەت، دىنىي ۋە باشقىلار) نوپۇس كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇ ئارقىلىق نىشان قىلىنغان كىشىلەر توپىنىڭ نوپۇسىنى ئاسانلا ئاسسىمىلاتسىيە قىلغىلى بولىدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزىدۇ.

يېقىنقى مەزگىللەرگىچە، نۇرغۇن دۆلەتلەردە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش سىياستى، نۇرغۇن خەلقئارالىق تەشەببۇسلار بىلەن كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېيكىتىلدى، چۈنكى ئۇ ئادەم بەدىنىنىڭ دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىماسلىق پرىنسىپىغا خىلاپ بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 1951-يىلى يولغا قويغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»، مەلۇم بىر مىللىي، ئېتنىك ياكى دىنىي گۇرۇھ ۋەياكى ئىرقنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى يوق قىلىش مەقستى بىلەن يولغا قويۇلغان تۇغۇت چەكلەش ئۇسۇللىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ قارايدۇ.[160] 2002-يىلى يولغا قويۇلغان ۋە ھازىر 123 دۆلەت قوللايدىغان خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ رىم نىزامنامىسىگە ئاساسەن، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش ھەم ئۇرۇش جىنايىتى ھەم ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.[161]

[159] ئەركىن سىدىق بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈندىكى سۆھبەت.

[160] Natalya McPartland. (2021). Forced Sterilizations In The US Contravene International Law. Human Rights Pulse. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[161] International Criminal Court. Rome Statute of the International Criminal Court. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

90ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈشنى، مۇساپىرلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى دەپ بېكىتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ئىدى.[162-163]

خەلقئارا سەھنىدىكى بۇ تەرەققىياتلارغا قارىماي، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي ۋە سىستېمىلىق تۇغماس قىلىشتا چىڭ تۇردى. مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش سىياسىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلغان سىياسەت ئىكەنلىكى، 2017ـ يىلى خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن ئاندىن خەلقئارادا تەسىر پەيدا قىلىشقا باشلىدى. ئابدۇغېنى سابىت بىلەن قىلغان سۆھبىتىمىزدە، شەرقىي تۈركىستاندا زومىگەرلەرچە تۇغۇت چەكلەش قىلمىشىنىڭ 1984ـ يىلى باشلانغانلىقىنى، ئىككىدىن ئارتۇق بالىسى بار ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرمىگە تاشلانغانلىقىنى ۋە ئۆيلىرىنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانلىقىغا شاھىت بولغانلىقىنى بايان قىلدى. ئابدۇغېنى سابىتنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، 2016ـ 2017ـ يىللىرى پۈتۈن مەملىكەتتە تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى بىرئاز يۇمشىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان تۇغۇت چەكلەش بۇيرۇقى داۋاملاشقان.[164] ئابدۇغېنى سابىتنىڭ بايانىتىغا ماس ھالدا، يازغۇچى ۋە شائىر تاھىر ھامۇت، ئىككى بالىلىق بولۇپ بولغان ئاياللارنى تۇغماس قىلىش ئۈچۈن، رايونلۇق ھۆكۈمەتكە كادىرلارنىڭ تەيىنلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئايالىنىڭمۇ ئىككىنچى بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن تۇغماس قىلىۋېتىلگەنلىكىنى بايان قىلدى.[165] ئاپىسى ۋە ئىنىسىنىڭ ئايالىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلغان نۇرسىمان ئابدۇرىشىت، تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەشنىڭ بىرلا ۋاقىتتا سىستېمىلىق قوللىنىلغانلىقىنى بايان قىلىپ، «ئاياللار ئايدا بىر قېتىم يېزا مەركىزىگە چاقىرىلىپ، ئۇلارنىڭ ھامىلدار ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈلەتتى. ئاپام ئۇلار بەرگەن ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسىنى مەجبۇرىي ئىچتى. ھەر قېتىم تەكشۈرۈش كۈنى كەلگەندە، دادام ئاپامنى باشقا يەرگە ئېلىپ كىتەتتى، ئەمما باشقا ئاياللار تەكشۈرتۈشكە مەجبۇر ئىدى. ئاكامنىڭ تۇنجى نىكاھىدىن بىر بالا، ئىككىنچى نىكاھىدىن ئىككى بالىسى بار. يەڭگەم يەنە قوشكېزەكلەرگە ھامىلدار بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ئاكامنىڭ بالىسى بەش بولاتتى. لېكىن ھامىلدارلىقنىڭ ئۈچىنچى ئېيىغا كەلگەندە، ھۆكۈمەت مەجبۇرىي ھالدا بالىلارنى چۈشۈرۈۋەتتى. خىتايلارغىمۇ پىلانلىق تۇغۇت چەكلىمىسى بار، لېكىن ئۇلار بەك بالا خالاپ كەتمەيدۇ، بۇ ئەھۋالنى ئۇلار قوبۇل قىلىدۇ.[166]

---

[162] UNHCR. (2005). UNHCR Note on Refugee Claims Based on Coercive Family Planning Laws or Policies. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[163] UN Economic and Social Council. (1999). Commission on Human Rights Fifty-Fifth Session Item 12(a) of the Provisional Agenda.

[164] ئابدۇغېنى سابىت بىلەن 2021ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

[165] تاھىر ھامۇت بىلەن 2021ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 24ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

[166] نۇرسىمان ئابدۇرېشىت بىلەن 2021ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 7ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئەلفىرە نۇرمۇھەممەد ئېيتىپ بەرگەن 1995-يىلى غۇلجىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەدە، ئاياللار ئۆزۈندىن بۇيان ئۇچراپ كېلىۋاتقان مەجبۇرىي ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تىببىي ئالدىنى ئېلىشنىڭ مۇھىم تەپسىلاتلىرى بار: «ئاپامنىڭ بىر نەۋرە تۇققىنىنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. تۆتىنچى بالىسىغا ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ ۋە توققۇزىنچى ئايغىچە ھامىلدارلىقىنى يوشۇرۇپتۇ. بىر كۈنى، ئۇ ئۆيىگە كەلگەن بىرسىنىڭ يېنىدا قورسىقىنى يوشۇرۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ساقچىغا چېقىپ قويۇپتۇ. ئۇ نان يېقىۋاتقاندا، بىر قارا ماشىنا كەپتۇ ۋە ئۆيگە بۆسۈپ كىرىپ ئاپامنىڭ نەۋرە تۇققىنىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. دوختۇرخانىدا ئۇنىڭغا بىر ئوكۇل ئۇرۇپتۇ ۋە بىر قىز بوۋاق تۇغۇلۇپتۇ. تۇغۇلغاندا ھايات ئىكەن. نەۋرە تۇققىنىمىز «قىزىمنى بېرىڭلار» دەپ شۇنداق يالۋۇرۇپ يىغلاپتۇ، ئەمما دوختۇرلار ساق تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ بېشىغا ئوكۇل ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. تۇغقىنىمىز قايغۇ ۋە ئاچچىق سەۋەبىدىن ئۈچ-تۆت ئاي كارىۋاتتىن چۈشەلمەپتۇ. روھىي ساغلاملىقىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئۇلار بۇ تۇققىنىمىزغا مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى. مەن ئېسىمگە كەلگەندىن بېرى بۇ تۇققىنىمىز كىسەلدىن ساقايمىدى». [167] بۇ مىسال ئارقىلىق شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، ئاياللارنى مەجبۇرى تۇغماس قىلىش جىنايىتىدىن سىرت، بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈش جىنايىتىمۇ دىلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشكە مۇھتاج.

يېقىندا، جازا لاگېرىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ۋە لاگېردىكى ئاياللارغا ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز قوللىنىلغان داۋالاش ۋاستىلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئورتاقلاشتى، شۇنىڭ بىلەن مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش ۋە بالا چۈشۈرۈش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە مۇھىم سانلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشتۇق. 2017-يىلى جازا لاگېرىغا ئەۋەتىلگەن سودىگەر ئايال گۈلباھار جېلىلوۋانىڭ ئېيتىشىچە، لاگېرغا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈيدۈكى تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، ھامىلدار ئاياللار بولسا دەرھال مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلىنىدىكەن. جېلىلوۋا، لاگېردىكى ئاياللارنىڭ ئۆزىگە بېرىلگەن دورىلارنى ئايدا ئىككى قېتىم ئىشلىتىشكە ۋە ھەر ئون كۈندە بىر قېتىم ئوكۇل ئۇرۇشقا مەجبۇرلىنىدىغانلىقىنى، بۇ ئىشلاردىن كېيىن قايتا ئادەت بولالمىغانلىقىنى ئېيتتى. [168] قەلبىنۇر سېدىق بولسا دورىنىڭ ئەكس تەسىرى سەۋەبىدىن ئۇدا بىر يېرىم ئاي قان توختىمىغان بىر ئايالنىڭ ئۆلۈمىگە شاھىت بولغانلىقىنى ئېيتتى. [169] ئاۋستىرالىيەدە ياشايدىغان ئالماس نىزامىددىنىنىڭ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن ئايالى زەينەپ ئابدۇرېشىت ھەققىدىكى گۇۋاھلىق سۆزىدە بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم تەپسىلاتلارنى ئۇچرىتىمىز. زەينەپ ئابدۇرېشىت قورسىقىدىكى ھامىلە ئىككى ئايلىق بولغاندا جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، خىتاي دائىرىلىرى ئۇنىڭغا ئايالىنىڭ ھامىلدار ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرغان. بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، زەينەپ ئابدۇرېشىتنىڭ ھامىلىسى يا مەجبۇرىي چۈشۈرۈۋېتىلدى ياكى لاگېردىكى ناچار مۇئامىلە تۈپەيلىدىن چۈشۈپ كەتتى. [170]

---

[167] ئەلفىرە نۇرمۇھەممەت بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[168] گۈلباھار جېلىلوۋا بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[169] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[170] ئالماس نىزامىدىن بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.

تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرىدا خىتاي تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن قەلبىنۇر سىدىق ئۆزىنىڭ مەجبۇرىي تۇغماس قىلىنىش جەريانىنى ۋە كۆزىتىشلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدى: «لاگېرلاردىكى ياكى لاگېر سىرتىدىكى 18-59 ياش ئارىلىقىدىكى بارلىق ئاياللار ئۈچۈن تۇغماس ئوپېراتسىيەسى مەجبۇرى قىلىندى. مەن بۇ ئوپېراتسىيەنى 2019-يىلى 5-ئايدا قىلغۇزدۇم. بۇ ئوپېراتسىيەنى قىلغۇزمىغان ئاياللار خىتاي بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاندى. بالىسى بار، قايتا ھامىلدار بولۇشنىمۇ پىلانلىمىغان، ھەتتا بالىسى بولمىغانلارمۇ بۇ ئوپېراتسىيەنى قىلغۇزۇشى كېرەك ئىدى. مەن 50 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنۈمدە بۇ ئوپېراتسىيەنى قىلغۇزدۇم. ئوپېراتسىيە نۆۋىتىنى ساقلاۋاتقان بىز ئاياللار خۇددى قۇربانلىق قويغا ئوخشاش تىزىلدۇق. 18 ياشتىن يۇقىرى، ياش قىزلارمۇ ئۆچىرەتتە تۇراتتى. ئۆچىرەتتە ئادەم بەك كۆپ بولغاچقا، مەن تۆت سائەت ئوپېراتسىيەنىڭ نۆۋىتىنى ساقلىدىم. ھەر بىر تۇرالغۇ ئادرىسى قاراشلىق ساغلاملىق مەركەزلىرى بار، مەن شۇ ساغلاملىق مەركەزلىرىنىڭ بىرىدە ئوپېراتسىيە قىلىندىم. ياشانغان بىر دوختۇر بىلەن بىر سېستىرا بىرلىكتە ئوپېراتسىيە قىلدى. بىر تال ئوكۇل ئۇردى، ھوشۇمنى يوقىتىپتىمەن، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، يېرىم سائەت ياكى بىر سائەت ۋاقىت كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئوپېراتسىيەنىڭ بىر قانچە تۈرى بار ئىكەن، بىر خىلىدا داۋالانسىڭىز يەنە بالىلىق بولالايدىكەنسىز. ئەمما مەن بولغان ئوپېراتسىيە ئۇنداق ئەمەسكەن، ھوشۇمغا كەلگەندىن كېيىن قاتتىق ئاغرىق ھېس قىلدىم. ئوپېراتسىيە بەك ئوڭۇشلۇق بولمىغان ۋە مەندىن بەك جىق قان چىقىپ كەتكەن ئىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرالمىغاچقا، يولدىشىمنى چاقىردىم، ئۇ كېلىپ مېنى ئېلىپ كەتتى. 2-3 كۈنگىچە كارىۋاتتى چۈشەلمىدىم. 50-100 كىشىلىك گۇرۇپپىدا تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسىگە ئېلىپ بېرىلغان لاگېرلاردىكى ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن.[171]

بىز ئېلىپ بارغان زىيارەتتە، دارىبىن بايلېر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «قانۇنسىز تۇغۇتنى نۆلدە تۇتۇش» ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىتا داۋالاش ۋە تەكشۈرۈشنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى، شۇنداقلا ھامىلدار قوشنىسىنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا دوكلات قىلغانلارغا 900 دوللار مۇكاپات بېرىش قارار قىلىنغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بايلېر نۇرغۇن رەسمىي ھۆججەتلەردە، ئەرلەرنىڭ ئالدى بىلەن لاگېرلاردا، ئاندىن ئۆيىدىن يىراق زاۋۇتلاردا ئىشلەيدىغانلىقى نوپۇسنى كونترول قىلىش ئۇسۇلى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، دۆلەتنىڭ يەنە خىتايلار بىلەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ توي قىلىشىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ماددى ياردەم كۆپىنچە بېسىم شەكلىگە ئۆزگەرگەنلىكىنى، خىتاي ئەر بىلەن توي قىلىشنى رەت قىلغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ «ئۇيغۇن سەۋەب» كۆرسىتىشكە مەجبۇرلىنىدىغانلىقىنى ۋە دىنىي ئېتىقادتىكى ئوخشىماسلىقنىڭ ئۇيغۇن بىر سەۋەب سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.[172]

[171] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[172] دارىبىن بايلېر بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى سۆھبەت.

خىتاينىڭ مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش يولى بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياستى توغرىسىدا ئەڭ تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئىنسانشۇناس ئادرىئان زېنز، 2020-يىلى ئېلان قىلغان دوكلاتىدا نوپۇس قىرغىنچىلىقىنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشتى.[173] دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2015-يىلدىن 2018-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان ئۇيغۇر رايونىدىكى نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتى 84% تۆۋەنلىگەن. 2020-يىل ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى نىشان بولسا «نۆل ياكى شۇنىڭغا يېقىن نوپۇسنىڭ ئېشىشى». بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئەڭ مۇھىم ئىككى خىل ئۇسۇل لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇش ۋە مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش. خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرى ئوتتۇرىغا چىققاندىن بۇيان، 18 ياشتىن 49 ياشقىچە بولغان ئاياللار ئارىسىدا تۇل قېلىش ۋە ئادەت كېسىلىش نىسبىتى ئىككى ھەسسە ئاشتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئەرلەرنى لاگېرلاردا تۇتۇپ، ئاياللارنى بولسا مەجبۇرىي تۇغماس قىلىپ، ئۇيغۇر نوپۇسىنى كونترول قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. يەنە بىر جەھەتتىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا خىتايلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايوندىن 8 ھەسسە يۇقىرى ئىكەنلىكىمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش پىلانى بولسا پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا قارىتىلغان نوپۇس قىرغىنچىلىقىدۇر.

## 8. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئورگان ئەتكەسچىلىكى

بەزى مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئورگان كۆچۈرۈش پىروگراممىسىغا ئىگە. ئامېرىكا، كانادا ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بىمارلارنىڭ ئورگان ساقلاش ۋاقتى ئۈچ يىلدىن تۆت يىلغىچە، ئەمما خىتايدا بىر ھەپتىدىن ئىككى ھەپتىگىچە.[174] 90-يىللاردا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن ئەنۋەر توختى، رۇخسەتسىز قىلىنغان نۇرغۇن ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشتى. ئۇ ئورتاقلاشقان ئۇچۇرلار ئىچىدە، ئورگانلىرىنى مۇۋاپىق شارائىتتا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، شۇ ھامان ئۆلمەيدىغان ئۇسۇلدا كۆكرىكىنىڭ ئاستىغا ئوق ئېتىلغان جىنايەتچىنى تىلغا ئالىدۇ. ئېخى جېنى تولۇق چىقمىغان بولغاچقا، ئورگاننى ئېلىۋاتقان چاغدا ئاجىز قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىمۇ بولغان.[175]

[173] Adrian Zenz. (2020). Sterilizations, IUDs, and Mandatory Birth Control: The CCP's Campaign to Suppress Uyghur Birthrates in Xinjiang. The Jamestown Foundation. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[174] International Support for Uyghurs. Uyghur Organ Harvesting.

[175] BBC Sounds. China is being accused of carrying out a brutal crackdown on millions of Uighur. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.




قەشقەر ئايدورومى ئالاھىدە ساياھەتچىلەر ئادەم بەدىنى، ئەزالىرىنى توشۇش يولى
-ئەسلى فوتوگرافقا ئاساسەن سىزىلغان-

خىتاي، 2015ـ يىلىغىچە، ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغان مەھبۇسلارنىڭ ئورگانلىرىنى ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز كۆچۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى.[176] 2015ـ يىلى توختاتقانلىقىنى جامائەتچىلىككە ئېلان قىلغان بۇ پىروگراممىنى ھەقىقەتەن توختىتىپ توختاتمىغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس، ئەمما 2016ـ يىلدىن كېيىن خىتاينىڭ قانۇنسىز دۇنيا ئورگان بازىرىدىكى ئۇلۇشىنىڭ خېلىلا ئاشقانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر بار. خىتاينىڭ دۇنيا قانۇنسىز ئورگان بازىرىدا تېز سۈرئەتتە كۆپىيىۋاتقان ئۇلۇشى، 2016ـ يىلدىن كېيىن باشلانغان كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇشتا جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئويلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدىغان نۇرغۇن خەۋەرلەر بار.[177-178] بۇ دوكلاتنى تەييارلاۋاتقاندا، بىز ئېلىپ بارغان سۆھبەتلەر بۇ ئويىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇر زىيالىيسى تاھىر ھامۇت، خىتايدا ئېھتىياجلىق بولغان ئورگانلارنىڭ ھە ۋاقىت ناھايىتى تېزلا تېپىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئورگان ئەتكەسچىلىكى ئۇزۇندىن بۇيان بار ئىدى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بايلارغا، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ئورگان لازىم بولغاندا، ناھايىتى تېزلا تاپالايدۇ. بۇنداق خەۋەرلەرنى داۋاملىق ئاڭلاپ تۇراتتۇق. قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ ئورگانلىرىنى ئوغرىلاش ھەممىگە تونۇشلۇق ۋە كەڭ تارقالغان ئىش ئىدى. كەڭ كۆلەملىك تۇتۇش باشلانغاندىن كېيىنمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئورگانلىرىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىدۇق».[179]

[176] BBC News. (2014). China to stop harvesting executed prisoners' organs. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
[177] WSJ Opinion. (2016). The Nightmare of Human Organ Harvesting in China. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
[178] Health Europa. (2020). Forced Organ Harvesting: “I’m going to China, they’re shooting my donor”. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
[179] تاھىر ھامۇت بىلەن 2021ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 24ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

توقسۇنلۇق ئابدۇللا رەسۇل: «2010-يىلى قوشنا يېزىدىن بىر تونۇشىمىزنى تۇتۇپ كەتتى، كېيىن ساقچىلار ئۇنىڭ جەسىدىنى ئەكىلىپ بەردى ۋە ئورگانلىرى يوق ئىدى».[180] شەھىدە ئەلى، ئورگانلارنىڭ ئوغرىلىنىشى ھالال ئورگان ۋەقەلىرىدىن ئىلگىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ھالال ئورگان ۋەقەسىدىن ئىلگىرى، بىزنىڭ يۇرتتا يېزىلاردا بالىلارنىڭ يوقاپ كېتىشى كۆپ يۈز بېرەتتى. 2012-2013-يىللىرى، مەن ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، كىچىك بالىلارنى ئېلىپ قاچىدىغان، يوقاپ كېتىدىغان ياكى جەسىتى تېپىلىدىغان ئىشلارنى تولا ئاڭلايتتۇق، كېيىن ئورگانلىرىنىڭ ئوغرىلانغانلىقى مەلۇم بولاتتى».[181]

بىز زىيارەت قىلغان لاگېر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار، ئۇلاردىن داۋاملىق قان ئېلىنغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ دائىم دورا ئىچىشكە مەجبۇرلانغانلىقىنى بايان قىلدى. داۋالاش شارائىتى ئىنتايىن ناچار، داۋالاش ياردىمى كەمچىل جازا لاگېرلىرىدا، بارلىق مەھبۇسلاردىن قەرەللىك قان ئېلىشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. يەنە كۆپىنچە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، سوراق قىلغاندا ۋە قىيىنغاندا ئىچكى ئورگانلىرىغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان ئۇسۇلدا قىيناشىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك.

لاگېر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى باقىتئالى نۇر زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆزى كۆرگەن گۇمانلىق بىر ۋەقەنى بىز بىلەن ئورتاقلاشتى: «بىزنىڭ كامېردىكى بىر ئۇيغۇر يىگىتنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنى قايتۇرۇپ كەلگەندە، كۆكرىكىنىڭ ئېچىلىپ قايتا تىكىلگەنلىكىنى بايقىدۇق، ئەتىسى ئۇ بالا قازا قىلدى. ئوپېراتسىيە ئىزى تېخى يېڭى ئىدى. قوۋۇرغا قىسمى پۇتۇنلەي ئېچىلىپ، ئاندىن قايتا تىكىلگەن ئىدى. بىز ئۇنىڭ ئورگانلىرىنى ئوغرىلىدىمۇ؟ ياكى باشقا ئىش بولدىمۇ؟ ئۇقالمىدۇق، ئۇ بالا ئەتىسى تۈگەپ كەتتى، ئۆزى چاپچال ناھىيىسى مازار يېزىسىدىن ئىدى».[182]

زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان، لاگېرلاردا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن قەلبىنۇر سىدىق: «تونۇش چىرايلارنى كۆرەلمىگەندە، ساقچىلاردىن ئۇلارنى سورايتتىم، ساقچىلار ئۇلارنى خىزمەتكە ئەۋەتكەنلىكىنى ياكى كېسەل بولۇپ قازا قىلغانلىقىنى ئېيتاتتى. ھەتتا بىر نەچچە كىشىنىڭ ھالال ئورگان تىجارىتىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئاڭلىغان ئىدۇق» دەيدۇ.[183]

بۇ ئېيتىلغانلار، جازا لاگېرلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيىسى تەرىپىدىن چوڭ تىپتىكى ئەزا ئىسكىلاتى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكىگە بولغان گۇماننى كۈچەيتىدىغان ئىسپاتلار ھېساپلىنىدۇ. كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئۇيغۇر ئورگان ئىسكىلاتىنىڭ ئەڭ چوڭ سېتىۋالغۇچىلىرى ئوتتۇرا شەرقتىكى بايلار بولۇپ، بولۇپمۇ كىچىك بوغۇز دۆلەتلىرىدە خىتايدىن كەلگەن ئورگانلارغا بولغان ئېھتىياج ئىنتايىن يۇقىرى. بۇنىڭ دىنىي ئاساس قىلغان بىر قانچە سەۋەبلىرى بار: ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولغاچقا، كۆپىنچىسى چوشقا گۆشى ۋە ئىسپىرتلىق

180 ئابدۇللا رەسۇل بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.
181 شەھىدە ئەلى بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى سۆھبەت.
182 باقىتئالى نۇر بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى سۆھبەت.
183 قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچىملىكلەرنى ئىستېمال قىلمايدۇ، بۇ خىل يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى ۋە ئورگانلارنىڭ مۇسۇلماندىن كۆچۈرۈلگەن بولۇشى ئۇلارنىڭ ئورگانلارنى «ھالال» دەپ ئىشىنىشىگە سەۋەپ بولغان. لېكىن نۇرغۇن دىنىي ئۆلىمالارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بۇ پىكىرنىڭ ئىسلامدا توغرىلىقى يوق. لاگېرلاردا دائىم ئېلىنىدىغان قان ئەۋرىشكىسى سەۋەبىدىن، ئورگان ئىزدەۋاتقان بىمارلارغا ماس كەلگەن ئورگانلار مەجبۇري ئېلىۋېلىندى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھاياتىدىن ئايرىلدى. نۇرغۇن خىتاي دوختۇرخانىلىرى مۇسۇلمان خېرىدارلارنى نىشان قىلىپ، ئىنگلىزچە ۋە ئەرەبچە ئېلانلار ئارقىلىق، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بىمارلارنىڭ دىققىتىنى خىتايغا مەركەزلەشتۇرۇۋاتىدۇ. بېيجىڭدىكى توڭشەنتاڭ دوختۇرخانىسى بىر قانچە تور بېكەتتە بۆرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنى نەق مەيدان كۆرسەتكەن بولۇپ، YouTube قانىلىدا، دوختۇرخانىسىنىڭ بىمارلارنى ھالال تاماق بىلەن تەمىنلەيدىغان رېستورانى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز قىلىشى ئۈچۈن ئىبادەت ئۆيى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.[184] ئارسلان ھىدايەت مۇنداق دېدى: «خىتايلار ئىجتىمائىي ئالاقە توردا، ئۆز تور بېكىتىدە ھەمبەھىرلەۋاتىدۇ. ئۇلار ئېلان ئارقىلىق ئىچكى ئورگانلارنى ئوتتۇرا شەرققە سېتىۋاتىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا مەسچىتكە بېرىش، ناماز قىلىش، چوشقا گۆشى يېمەيمەن دېيىش مەنئى قىلىنىدۇ. لېكىن خىتايلار ھازىر دوختۇرخانىمىزدا مەسچىت بار، ھالال رېستوران بار دەپ تەشۋىق قىلماقتا. بۇ دوختۇرخانىلار خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئورگەن سودىسىدىكى پايدىنى ئاشۇرۇش، ئۇ يەردىكى ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن خىتاي سېستىرالار ئەرەبچە سۆزلىشەلەيدىكەن، بۇ سىستېما شۇنداق قۇرۇلۇپتۇ». ئۇ بۇنىڭ پىلانلانغان قانۇنسىز ئەزا كۆچۈرۈش ساياھىتى ئىكەنلىكىنى قىستۇرۇپ ئۆتتى.[185]

## 9. خىتايلارنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋرى بارمۇ؟

بۇ سوئالنىڭ بىرلا جاۋابى بولمايدۇ. پەرقلىق ئۈچ خىتاي نوپۇسى ئۈچۈن ئۈچ ئاساسىي جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەڭ ھەر بىر ئاساسلىق ئىنكاسلارنىمۇ پەرقلىنىدىغان تېخىمۇ كىچىك گۇرۇپپىلارغا ئايرىغىلى بولىدۇ.

خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى خىتاي نوپۇسى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يۈز بېرىۋاتقان خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈش مېخانىزمى، ئىنتېرنېت ئەركىنلىكىنىڭ كەمچىللىكى ۋە كۈچلۈك تازىلاش سىياستى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇ قاراشنى قوللايدىغان نۇرغۇن زىيارەتلىرىمىزدە، خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئوقۇغان ياكى سودا قىلغان كىشىلەر، ئائىلىسىدىكىلەر غايىب بولغاندىن كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خىتاي دوستلىرىدىن ياردەم سورىغانلىقىنى ئېيتتى. ئائىلىسى بىلەن كۆرۈشەلمىگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى خىتاي دوستلىرىغا ئېيتقاندا، ئۇلار بۇنداق ئىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئائىلىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلسا ئۆيىگىچە بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر رايونىغا

---

[184] Daraj. 25 Haziran 2020. Çin, Uygur Müslüman mahkumlarından çıkardığı “helal organları” nasıl satıyor?.

[185] ئارسلان ھىدايەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى سۆھبەت.

بارغان ئاقكۆڭۈل خىتايلار ئۇچراتقان مەنزىرە، چۆلدەرەپ قالغان شەھەرلەر ۋە دوستلىرىنىڭ قۇرۇق ئۆيلىرى بوپتۇ. ئۇلار بۇ ئەھۋال ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەندىشىسى ۋە گاڭگىراشلىرىنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ يېقىنلىرى بولغان دوستلىرى بىلەن ئورتاقلاشقان. 2020-يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بارغان DW مۇخبىرى ماتىياس بوللىنگېرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دوستلىرى بىلەن ئوخشاش مەنزىرىگە يولۇققان. بوللىنگېرنىڭ ئېيتىشىچە، يېزىلار قۇپقۇرۇق، ئۆيلەرنىڭ ئىشىككە قانچىلىك ۋاقىتتىن بېرى بوش قالغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان خەتلەر بار ئىكەن.[186]

بىز زىيارەت قىلغان ئۇيغۇرلار، ئۇلارغا ياردەم قىلماقچى بولغان خىتاي دوستلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىشنى بەك خالاپ كەتمىدى، بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار. بىرىنچىسى، چەكلىك بولسىمۇ، بىردىنبىر بولغان ئالاقە مەنبەسىنى يوقىتىپ قويماسلىق، ئىككىنچىسى، دوستلىرىنىڭ بېشىغا بىرەر يامان ئىشنىڭ كېلىش ئېھتىماللىقى. بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان بۇ ئىككى خىل ئېھتىماللىق، دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دوستلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى مەخپىي تۇتۇشىغا سەۋەپ بولالايدۇ.

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ تۇغقىنى روشەن ئابباس، ئۇيغۇر رايونى سىرتىدىكى خىتايلارنى يالغان خەۋەرلەرنىڭ قۇربانى دەپ قارايدۇ. دۇنيادا كەڭ قوللىنىلىدىغان ھېچقانداق ئىجتىمائىي تاراتقۇ پروگراممىسىنىڭ خىتايدا ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى، بارلىق ئاخبارات پائالىيەتلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ مۇتلەق كونتروللۇقىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان روشەن ئابباس، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خىتاي خەلقىنىڭ نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.[187] NASA دا ئوپتىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇيغۇر ئالىمى، پروفېسسور دوكتور ئەركىن سىدىقمۇ روشەن ئابباسنىڭ قاراشلىرىنى تەستىقلايدۇ. پروفېسسور ئەركىن سىدىقنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خىتايلار، خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىناۋىتى ۋە ئىقتىسادىغا قىلغان ھۇجۇمىنى بىلمەيدۇ.[188]

بېيجىڭدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان رابىگۈل ھاجىمۇھەممەد خىتاي ساۋاقداشلىرىغا ئۇيغۇر رايونىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە سۆز قىلغاندا، دوستلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكىنى ئېيتتى. رابىگۈل ئۆزىنىڭ 2018-يىلى ھازىرقى تۇرۇشلۇق دۆلىتىدە خىتاي ساياھەتچىلەرنى يېتەكلەۋاتقاندا، دائىم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارغا يولۇققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بەزىدە خىتاي ساياھەتچىلەر نېمىشقا خىتايغا قايتمايدىغانلىقىمنى سورايتتى. مەن ئۇيغۇر رايونىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئېيتىپ بەرەتتىم. لاگېرلارنى، يوقاپ كەتكەن ئائىلەمنى دەپ بەرسەم قەتئىي ئىشەنمەيتتى، مۇمكىن ئەمەس دەيتتى. ئۇ خىتاي ساياھەتچىلەردىن بىرسىگە، ماڭا ئىشەنمىسەڭ بېرىپ ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆر دىگەن ئىدىم. راستىنلا بېرىپتۇ ۋە ماڭا ئۇ يەردە نەپەس ئېلىشتىمۇ قىينالغانلىقىنى، شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن بارغانلىقىنى، چەتئەلدە مېنىڭ خىتاينى يامان كۆرسەتكەنلىكىمنى، ئەمما

---

[186] ماتىياس بوللىنگېر بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[187] روشەن ئابباس بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 21-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[188] ئەركىن سىدىق بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى سۆھبەت.

www.uyghurkitap.com

ئۇنداق ئەمەسلىكىنى كۆرستىپ قويۇش ئۈچۈن بىرىپ، ناھايىتى ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى، شۇنداقلا كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى ئېيتتى. ھازىرغىچە پات-پات ئۈچۈر يوللاپ ئەھۋالىمنى سورايدۇ. مەن قىلالايدىغان ئىش بولسا ياردەم قىلىمەن، دەيدۇ».[189]

بىز زىيارەت قىلغان مەھكۇم تۇققانلىرىنىڭ خېلى جىقى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە ئوقۇغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ھەققىدە توغرا ۋە ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارغا ئىگە خىتاي دوستىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ ۋەقەلەرنى كۆرگەن ۋە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلەرنى خەنزۇ كىملىكىمۇ قوغداپ قالالمايدۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىلىنگەن مىساللىرىدىن بىرى، 2018-يىلى 2-ئايدا خىتاينىڭ لياۋنىڭ ئۆلكىسى شېن ياڭ شەھىرىدە يۈز بەرگەن. شېن ياڭدىن ئۈرۈمچىگە ئائىلىسىنى يوقلاپ بارغان لى لىن ئىسىملىك خەنزۇ ياش، كۆرگەنلىرىنى خىتاينىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە توردا ھەمبەھىرلىگەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان ۋە تۆت يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.[190]

ئاۋازلىق پاراڭلىشىش ئۆيى Clubhouse دېتالىدا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خىتايلار ئۇيغۇر رايونىدىكى جازا لاگېرلىرىنى تۈنجى قېتىم ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە غەربنىڭ نۇرغۇن قوللىنىشچان پروگراممىلىرىغا ئوخشاش Clubhouse نى ئىشلىتىشمۇ چەكلەندى. بۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خىتايلارغا نېمە بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن گۈلزىرە تاشمەمەت ۋە ئابدۇراخمان سۇتۇق، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خىتايلارنىڭ ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھەيران قالغانلىقىنى ۋە كۆپىنچىلىرىنىڭ ئىشەنمىگەنلىكىنى بايان قىلدى.[191-192] جەۋلان شىرمەمەت ئۆزىنىڭ Clubhouse دا ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغانلار ئىچىدە يىغلىغان خىتايلارنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.[193]

ئىككىنچى تۈردىكى خىتاي نوپۇسى بولسا خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ سىرتىدا ياشايدىغان خىتايلار. بىز شياڭگاڭ، تەيۋەن ۋە سىنگاپورغا ئوخشاش خىتاي بىلەن ناھايىتى زىچ ياشايدىغان ياكى ئۇنىڭغا يېقىن بولغان يەرلەردە ياشايدىغان، خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈچلۈك تازىلاش ۋە ئەركىنلىك چەكلىمىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان خىتايلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قارىتا ئىنتايىن ئاكتىپ، كىشىلىك ھوقۇق تەرەپدارى مەيداندا تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مۇستەبىتلىكى ھۆكۈم سۈرەلمەيدىغان، ئوخشاش بىر جۇغراپىيەدە، پەرقلىق رايونلاردا ياشايدىغان، ئۈچۈر ئەركىنلىكى بار خىتايلار چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى خىتايلارغا ئوخشىمايدۇ. بۇ گۇرۇپپا پەقەت خىتاينىڭ ئەتراپى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ گۇرۇپپىغا ياپونىيەدىن ئاۋستىرالىيەگىچە، ئامېرىكىدىن ياۋروپاغىچە ئۈچۈر ئەركىنلىكى بار بارلىق دۆلەتلەردىكى

---

[189] رابىگۈل ھاجىمۇھەممەت بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[190] Radio Free Asia. (2021). Shenyang'da ikamet eden Li Lin, hala pranga takan Sincan hakkında bilgi yayınladığı için "yıkımı kışkırtmaktan" dört yıl hapis cezasına çarptırıldı.

[191] گۈلزىرە تاشمەمەت بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[192] ئابدۇراھمان سۇتۇق بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[193] جەۋلان شىرمەمەت بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنىدىكى سۆھبەت.

خىتايلار كىرگۈزۈلگەن. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارشى تۇرىدۇ. ئاۋىستىرالىيەدە ئىشلەيدىغان خىتاي ژۇرنالىست ۋىسى شۇ خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن خىيانەتچىلىك بىلەن ئەيىبلەنگەن بىر كىشى. ئۇيغۇلارغا نېمە ئىشلارنىڭ قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ خىتايدىكى تۇغقانلىرى بىلەن تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[194]

ئۈچىنچى تۈردىكى خىتاي نوپۇسى بولسا كۆپىنچىسى يېقىنقى نەچچە ئون يىلدا ھۆكۈمەتنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىتايلاردۇر. گەرچە باشقا ئىككى نوپۇسقا سېلىشتۇرغاندا ئۇلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىۋاستە مەسىلە رايونىدا بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھىم ھېساپلىنىدۇ. بۇ خىتايلارنىڭ بىر قىسمى بىڭتۈەن دەپ ئاتىلىدىغان، يېرىم ھەربىي دەپ قاراشقا بولىدىغان، دائىملىق ۋە سىستېمىلىق ئىشچىلار جەمئىيىتىگە تەۋە. دۆلەت بۇ گۇرۇپپىغا شۇ رايوننىڭ چوڭ ۋە مۇنبەت دېھقانچىلىق يەرلىرىنى تەقسىم قىلىپ بەرگەن. ئۇلار يەنە كوللىكتىپ ۋەقەلەر چىققاندا ساقچىلارغا ياردەم بېرىدىغان قانۇن ئىجرا قىلغۇچى رولىنى ئوينايدۇ. بىڭتۈەنلەرنىڭ ئولتۇراق رايونى قەدىمكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ يېنىغىلا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇلار بىر خىل خىتايچە گېتو شەكىللەندۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىڭتۈەن ۋە ئىشچىلار بىرلىكلىرىدىن باشقا، ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن خىتاي خەلقى، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى نەتىجىسىدە كۆچۈپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رايوننىڭ قەدىمكى خەلقى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىمتىيازلىق خىتايلار ئوتتۇرىسىدا جىددىيلىك پەيدا بولدى. بارلىق گۇرۇپپىلار ئىچىدە، بۇ رايوندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئەڭ كۆپ بىلىدىغان، گۇۋاھچى بولالايدىغان گۇرۇپپا ئۇيغۇر رايونىدىكى كۆچمەن خىتاي گۇرۇپپىلىرىدۇر. مىللىي جىددىيلىك سەۋەبىدىن، باستۇرۇش خاراكتېرلىك دۆلەت سىياسىتىنى قوللايدىغان كىشىلەرمۇ يەنە شۇ خىتايلاردۇر. كۆچمەن خىتاي گۇرۇپپىلىرى دۇنيادىكى بىر يېرىم مىليارد خىتاي نوپۇسىنىڭ 1% كىمۇ يەتمەيدۇ.

قەلبىنۇر سىدىق، لاگېرلاردا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەشكە مەجبۇرلىنىشتىن ئىلگىرى، ئۆزى ئىشلىگەن مەكتەپتە يۈز بەرگەن بىر ۋەقەدىن، ئېتنىك جىددىيلىكنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرىنى بىز بىلەن ئورتاقلاشتى: «مەن ئاخىرقى قېتىم ئىشلىگەن مەكتەپتە ئائىلىسىدىكىلەر لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن خېلى كۆپ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى بار ئىدى. «مۇئەللىم، دادام، ئاپام قايتىپ كەلمەمدۇ؟» دەپ مەندىن سورىغاندا، «ھۆكۈمەت دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىزنى ئېلىپ كەتتى، ئەمما ئۇلار قايتىپ كېلىدۇ» دەيتتىم. ئەمما نۇرغۇنلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. بۇ پاراڭلارنى ئاڭلىغان خىتاي ئوقۇغۇچىلار يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خوش بولۇپ «بەك ياخشى بوپتۇ، كاشكى ھەممىڭلارنى ئېلىپ كەتسىچۇ» دەيتتى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىم «بىز قانۇن نېمە دېسە شۇنى قىلىمىز، ئۇلار نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟» دېگەندە، مەن ئىنتايىن ئازابلىناتتىم. بىز ئۇيغۇر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدۇ، دەپ ئېيتالمايتتىم ».[195]

---

[194] Deutsche Welle - DW. (2021). Sincandaki olayları takip ettiği için kadın hain olarak suçlanan Vicky Xu asla pes etmeyeceğini söyledi.

[195] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 10. خەلقئارا قانۇندا لاگېرلار

دوكلاتنىڭ بۇ قىسمىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردا (2014-يىلدىن باشلاپ) ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قوزغىغان كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش پىلانى دائىرىسىدە ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلەر، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى بىلەن بىرگە مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. دوكلاتتا، كونكرېت دىلودىكى تەبىئىي شەخسلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىغا تارتىلىشىنى ئەمەس، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقئارادىكى قانۇنىي مەسئۇلىيىتىگە باھا بېرىلىدۇ.




سابىق خىتاي ساقچىسى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى سوتلاش ئۈچۈن لوندوندا ئېچىلغان ئۇيغۇر سوتىدا گۇۋاھلىق بەردى. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرى ۋە لاگېرلاردا قىيىن قىستاققا ئېلىنىش ئۇسۇللىرىنى پاش قىلدى.-ئەسلى فوتوگرافقا ئاساسەن سىزىلغان-

## I. خەلقئارا قانۇندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدىكى مەسئۇلىيىتى

ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى مەنئى قىلىش *jus cogens* (ئالىي قانۇن / مەجبۇرىي قائىدە) كاتېگورىيىسىدىكى بىر قائىدە بولۇپ، خەلقئارا قانۇن جەھەتتە بارلىق دۆلەتلەرگە چېتىشلىق، ھېچقانداق دۆلەت بۇ كاتېگورىيەنىڭ سىرتىدا ئەمەس. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي مەجلىسى 1948-يىلى 12-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى (III) 260A قارارى بىلەن بىردەك ماقۇللانغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسى،[196] ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ خەلقئارا قانۇن بويىچە جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق بەلگىلىدى ۋە جەزملەشتۈردى. ئەھدىنامىگە ئاساسەن، دۆلەتلەر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى جازالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئۈستىگە ئالدۇ، بۇ مەجبۇرىيەت ئۇرۇش ۋە تىنچلىق ۋاقىتلىرىدىمۇ كۈچكە ئىگە. ئەھدىنامىگە ئاساسەن، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش مەجبۇرىيىتى ھەممەيلەنگە ئورتاق بولۇپ، ھېچقانداق ئورۇن / دۆلەت / رايون چەكلىمىسىز پۈتكۈل خەلقئارا جەمئىيەتكە قارىتىلغان.[197] خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئەھدىنامىگە 1949-يىلى 7-ئاينىڭ 20-كۈنى ئىمزا قويغان ۋە 1983-يىلى 4-ئاينىڭ 18-كۈنى تەستىقلىغان.[198]

ئەھدىنامىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى شەكىللەندۈرىدىغان ھەرىكەتلەر» بۆلۈمىنىڭ 2-ماددىسىدا، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بېرىلگەن.

بۇ ئەھدىنامىگە ئاساسەن، مىللىي، ئېتنىك، ئىرق ياكى دىنىي گۇرۇھنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىش نىيىتى بىلەن قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەر بىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھېسابلىنىدۇ.

a) گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ؛

b) گۇرۇپپا ئەزالىرىغا ئېغىر جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە زىيان يەتكۈزۈش ؛

c) گۇرۇپپىنىڭ فىزىكىلىق مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىش ئۈچۈن، ياشاش شارائىتىنى قەستەن ئۆزگەرتىش ؛

d) گۇرۇپپا ئىچىدە تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ؛

e) گۇرۇپپىغا تەۋە بالىلارنى باشقا گۇرۇپپىغا مەجبۇرىي يۆتكەش ؛

---

[196] تېكىستنىڭ داۋامىدا «ئەھدىنامە» دەپ قىسقارتىپ ئېلىنىدۇ.

[197] International Court of Justice. (1996). Bosnia and Herzegovina v Yugoslavia. 11 Temmuz 1996. s31. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[198] Çin Halk Cumhuriyeti, Sözleşme'ye taraf olmakla beraber, Uluslararası Adalet Divanı'nın yargı yetkisine ilişkin 9. maddeye çekince koymuştur. United Nations Treaty Collection. "Status of Treaties. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

نەقىل ئېلىنغان بەلگىلىمە دائىرىسىدە، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ماددى ئېلېمېنتى يۇقىرىدىكى بەش تارماقتا كۆرسىتىلگەن ھەرىكەتلەرنىڭ دائىرىسىدە؛ مەنىۋىي ئېلېمېنتى بولسا، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ مىللىي، ئېتنىك، ئىرق ياكى دىنىي گۇرۇپپىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن (ئالاھىدە مۇددىئا بىلەن) يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان قىلمىشلارنى سادىر قىلىشىدۇر. ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ماددى ئېلېمېنتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەش ماددىنىڭ ھەر قانداق بىرىنى قىلىش يېتەرلىك. شۇڭلاشقا، ماقالىدە ئالاھىدە مەقسەتنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن «يوقىتىش» ئىپادىسىنى پەقەت گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ جىسمانىي مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىش / ئۆلتۈرۈش دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. بەلگىلىمە بويىچە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىسى، مىللىي، ئېتنىك، ئىرقىي ياكى بىر دىنىي گۇرۇپپىدۇر. مىللىي، ئېتنىك، ئىرقىي ياكى دىنىي گۇرۇپپا ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىدىكى نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ قۇربانى بولۇش ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس.

خىتاي ھۆكۈمىتى قاتناشقان «ۋېينا شەرتنامىسى قانۇنى» نىڭ 31-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مۇقەددىمىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر شەرتنامىنىڭ تېكىستىدا نەقىل ئېلىنغان باشقا تېكىستلەرمۇ ئۇ شەتنامىنىڭ چۈشەندۈرۈلىشىدە دىققەتكە ئېلىنىدۇ.[199] ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسىنىڭ مۇقەددىمىسىگە كىرگۈزۈلگەن، ب د ت ئومۇمىي مەجلىسىنىڭ 1946-يىل 12-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى 96-نومۇرلۇق قارارىدا،[200] ئىرقىي قىرغىنچىلىق «پۈتكۈل ئىنسانلار توپىنىڭ مەۋجۇتلۇق ھوقۇقىنى رەت قىلىش» دەپ قارىلىدۇ. بۇ قارارىدا يەنە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانىنى تەۋرىتىدىغانلىقى، قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان گۇرۇپپىنىڭ مەدەنىيەتكە ۋە ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ يوق بولۇشى سەۋەبىدىن، ئىنسانىيەتكە زور زىيان كەلتۈرىدىغانلىقى ھەم ئەخلاقىي قائىدىگە، ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ روھى ۋە مەقسىتىگە زىت ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. شۇڭلاشقا، ب د ت نىڭ بايا نەقىل ئېلىنغان كۆز قارىشى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ يۈز بەرگەن ياكى يۈز بەرمىگەنلىكى توغرىسىدىكى قانۇنىي چۈشەندۈرۈش پائالىيىتىدە ئاساس قىلىش كېرەك. خەلقئارا ئەدلىيە سوتىدا، ئەھدىنامە بەزى كىشىلەر توپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ ھەمدە بۇ مەقسەت ئەھدىنامىدىكى بارلىق ماددىلارنىڭ ئاساسى ۋە چۈشەندۈرۈش ئۆلچىمى دەپ قارىلىدۇ.[201]

199 Vienna Convention on the Law of Treaties. (1980). 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

200 UN General Assembly. (2946). The Crime of Genocide. 11 Aralık 1946, A/RES/96. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

201 International Court of Justice. (1951). Reservations to the Convention on the Prevention and Punishment of the Crime of Genocide (Advisory Opinion). 28 Mayıs 1951. s. 12. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

2001-يىلدىكى خەلقئارا قانۇن كومىتېتى[202] تەييارلىغان «دۆلەتلەرنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىنىڭ خەلقئارالىق مەسئۇلىيىتى» ماۋزۇلۇق دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى شەكىللەندۈرگەن ھەرىكەتلەرنى، ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن دۆلەت كادىرى سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەر ياكى ئورۇنلار تەرىپىدىن، ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ ياكى كۆرسەتمە بويىچە سادىر قىلغان بولسا، بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مەسئۇلىيىتىنى شۇ دۆلەت ئۈستىگە ئالىدۇ.[203]

دۆلەت ھەقىقىي ئادەم ئەمەس. شۇڭلاشقا، دۆلەتنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدىن كېلىپ چىققان خەلقئارالىق قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى بەلگىلىگەندە، جىنايەتنىڭ مەنۋى ئامىلى بولغان ئالاھىدە مۇددىئانىڭ (مىللىي، ئېتنىك، ئىرق ياكى دىنىي گۇرۇپپىنى قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي يوقىتىش مەقسىتى) مەۋجۇت بولۇشى، سۇبيېكتىپ-پسىخولوگىيىلىك شارائىتنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى رەسمىي بايانلار، سىياسەتلەر، ئىستراتېگىيەلەر ۋە پىلانلانغان ئەمەلىيەتلەر قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئۆلچەملەردىن پايدىلىنىپ، ئومۇمىي پىلانىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياكى ھەرىكەت ئەندىزىسى قاراپ چىقىلىدۇ. مەسىلەن: خەلقئارا ئەدلىيە سوتى، بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنا / سېربىيە ۋە قاراتاغ مەسىلىسىدە، ئالاھىدە مۇددىئا بولغانلىقى ئۈچۈن، يەككە كونكېرت ۋەقەلەردە قىلمىش سادىر قىلغۇچىلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك ھالىتىنى ئەمەس، بەلكى ئوخشاش بىر توپقا يۈرگۈزۈلگەن بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان نۇرغۇن ۋەھشىيلىكنىڭ پىلانلانغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدىغان سەۋىيىدە تەرتىپكە سېلىپ، ئومۇمىي پىلانىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياكى ھەرىكەت ئەندىزىسى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئۆلچەملەرنى ئىزدىدى.[204]

ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىككە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدىن كېلىپ چىققان خەلقئارالىق قانۇنىي مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئەھدىنامىنىڭ 1-ماددىسىدا «ئۇرۇش ۋاقتى بولسۇن بولمىسۇن» ئىبارىسىنى ئىشلىتىپ، ھەرقايسى تەرەپ دۆلەتلەرنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى جازالاش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلماسلىق مەجبۇرىيىتى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. خەلقئارا ئەدلىيە سوتى، گامبىيە / بىرما مەسىلىسىدە، بىرما ئارمىيىسىنىڭ ئاراكان ۋىلايىتى (راخىن ۋىلايىتى) بىلەن قوراللىق توقۇنۇشۇپ قېلىشىنىڭ، بىرمىنىڭ ئەھدىنامىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماسلىقىنىڭ قانۇنلۇق سەۋەبىنى شەكىللەندۈرمەيدىغانلىقىنى يەكۈنلىدى.[205]

[202] Uluslararası Hukuk Komisyonu, Birleşmiş Milletler Antlaşması'nın m. 13/1-a hükmüne istinaden Genel Kurul tarafından uluslararası hukukun geliştirilip tedvin edilmesi amacıyla kurulan bir komisyondur.

[203] International Law Commission. (2001). Responsibility of States for Internationally Wrongful Acts. article 4, 5, 7, 8. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[204] International Court of Justice. (2007). Bosnia and Herzegovina v. Serbia and Montenegro, 26 Şubat 2007. s242, s373. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[205] International Court of Justice. (2020). The Gambia v. Myanmar, 23 Ocak 2020. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

## II. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەرنى، ئېرقىي قىرغىنچىلىق ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلىيىتى نۇقتىسىدىن باھالاش

يېقىنقى يىللاردا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا (بولۇپمۇ 2014-يىلدىن باشلاپ) سادىر قىلىنغان جىنايەتلەر، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسى بويىچە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. خەلقئارا قانۇن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە مەسئۇل دۆلەت. بۇ بۆلۈمدە، تىلغا ئېلىنغان قىلمىشلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت سۈپىتىدە بۇ جىنايەتكە مەسئۇل بولىدىغانلىقى، كونكرېت پاكىتلارغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

### A: جىنايەتنىڭ ماددى ئېلېمېنتى جەھەتتە

ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ماددى ئېلېمېنتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن، ئەھدىنامىنىڭ 2-ماددىسىدا ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىلگەن بەش ھەرىكەتنىڭ بىرىنى قىلىش يېتەرلىك. خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇرلارغا، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەر بىرىنى يەككە ھالدا ۋە سىستېمىلىق سادىر قىلغان.

1. گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەردىن بىلىنىشىچە بولىدۇكى، لاگېرلاردا، ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىدە ۋە تۈرمىلەردە تۇتۇپ تۇرۇلغان ئۇيغۇرلار (ۋە قازاق، قىرغىز قاتارلىق باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر) ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى ياكى ناچار شارائىتتا، قىيناش سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. تۆۋەندە لاگېرلاردا تۇتۇلغان مەھبۇسلارنى ئۆلتۈرۈش قىلمىشى توغرىسىدىكى بىرىنچى قول مىساللاردىن بىر قانچە ئۆرنەك:

گۈلباھار جېلىلوۋا: «مەن قىيناش سەۋەبىدىن قازا قىلغان، قايتىپ كەلمىگەن، يىڭنە بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنى كۆرۈپ تۇراتتىم... ياشانغان ئاياللار ھوشىدىن كەتكەندە، بىز ئۇلارنى تەستە ماڭغىلى بولىدىغان تار بىر يەرگە ياتقۇزاتتۇق، دوختۇرلار كېلىپ ئۇلارنىڭ يۈزىگە بىر نەرسە سۈرتەتتى. ئىككى-ئۈچ سائەت ئىچىدە ئويغانمىغانلارنى، قوللىرىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى، بىز ئۇلارنى ئۆلدى دەپلا ئويلايتتۇق. يىگىرمە يەتتە ياشلىق بىر قىز (...) ئۇنىڭ ئىسمى ھۆرىيەت ئىدى، ئۇنىڭ تۇگەپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. (...) ئۇلار بۇ قىزنى سوراققا ئېلىپ كەتكەن ئىدى، قاتتىق قىيناش سەۋەبىدىن ئەقلىنى يوقىتىپتۇ، ئۇنى ئېلىپ كەلگەندە توختىماي ۋارقىرايدىغان بولۇپ قاپتىكەن، ئاندىن ئۇنى يېرىم كېچىدە بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ، جازالاش ئۈچۈن قارا ئۆيگە ئېلىپ كەتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن، مەن يۈرەك تەكشۈرتۈش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بارغىنىمدا، ھۆرىيەتنىڭ جەسىتىنى كىسەل كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويغانلىقىنى كۆردۈم (...) سوتخانىدا بەزى كىشىلەرگە ئاپلىسىن رەڭلىك جىلىتكە كىيدۈرۈلەتتى، بىز ئۇنداق رەڭدە جىلىتكە كىيگەنلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلەتتۇق. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئويلايتتى. ئۇلار ئۇنداق جىلىتكە كىيگەنلەرگە بىر ياكى ئىككى ئايدىن كېيىن ئوكۇل ئۇرىمىز، دەيتتى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلەتتى».[206]

---

[206] گۈلباھار جېلىلوۋا بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.

باقىتئالى نۇر: «نەچچە سائەت مىدىرلىماي تۇرۇشقا چىدىيالمىغانلارنى، ھەرىكەت قىلغانلارنى ئېلىپ كېتىپ قىيناپتىتى. مەن 15 سائەت ھەرىكەت قىلماي ئولتۇرۇپ ئۆلگەنلەرنى كۆردۇم (...) يەنە بىر بالىنى كۆردۇم. ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيمەن. ئۇمۇ ئۇيغۇر ئىدى. ئۇ يىگىت جازا لاگېرىدىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلدى. ئۇنى قايتۇرۇپ كەلگەندە، كۆكرىكىنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ئېچىلغانلىقىنى ۋە قايتا تىكىلگەنلىكىنى كۆردۇق. ئەتىسى ئۇ بالا تۇگەپ كەتتى. ئوپېراتسىيە قىلىنىپ قوۋۇرغىسى پۈتۈنلەي ئېچىلغان ۋە قايتىدىن تىكىلگەن ئىكەن. بىز ئۇنىڭ ئەزالىرىنى ئېلىۋالدىمۇ ياكى باشقا ئىش بولدىمۇ بىلمەيمىز، ئەتىسى تۇگەپ كەتتى. ئۇ چاپچال ناھىيىسى مازار يېزىسىدىن ئىدى».[207]

ئابدۇخەبەر رەجەپ: «بۇ جازا لاگېرلىرىدا ھاياتىدىن ئايرىلغانلار ناھايىتى كۆپ. ئېلىپ كېتىپ قايتۇرۇپ كەلمىگەنلەر بەلكىم ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ لوپ بازىرىدا بىر دوستۇم بار ئىدى، ئۇنى ئۇرغاندىن كېيىن كامىرغا قايتا ئەكەلمىدى، بىز بىرسى چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىسە، ئۇنى ئۆلدى دەپ بىلەتتۇق (...) ئۇيغۇرلار يوق بولۇش ئالدىدا. نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ھاياتىدىن ئايرىلدى. دوستلىرىمىز، تۇغقانلىرىمىزغا نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمىز».[208]

قەلبىنۇر سىدىق: «سوراقتا كەتكەنلەر بىر ئاي دەرسكە قاتنىشالمايتتى. سوراقتا ئەكەتكەنلەرنىڭ بەزىلىرىنى قايتىپ ئەكەلمەيتتى. شىركەت خوجايىنى بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ خىتايچىنى تېز ئۆگىنىپ، ناخشىلارنى تېز يادلاپ بولسام، مېنى قويۇپ بېرىدۇ دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگىنەتتى. ئۇلار ئۇ ئادەمنى سوراققا ئېلىپ كەتتى ۋە قايتىپ كەلمىدى. مەن ئۇ ئادەمگە نېمە بولغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ قازا قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئۆلگەنلەر ئۇچۇن ئوخشاش گەپ قىلاتتى، ئىككى كىشىنىڭ جەسىتىنىمۇ كۆردۇم، لاگېردىكى ھەممەيلەنگە كۈندە ئۈچ قېتىم بىر مىنۇتلۇق ھاجەت قىلىش رۇخسىتى بېرەتتى. بىر مىنۇتتا چىقمىغانلارنىمۇ ئۇراتتى. خېلى كۆپ كىشىلەر مەزى بېزى كېسەللىكىدىن زەھەرلەندى، ئۆلگەنلەرمۇ بولدى. مەن لاگېر دەسلەپ قۇرۇلغان چاغدا كەلگەن بولغاچقا، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ دەسلەپكى ئەھۋاللىرىنى بىلەتتىم، شۇڭا ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ھېس قىلالايتتىم (...) تونۇش چىرايلارنى كۆرەلمىسەم، ساقچىلاردىن ئۇلارنى سورايتتىم، ساقچىلار ئۇلارنى يا خىزمەتكە ئەۋەتتۇق دەيتتى ياكى كېسەلى باركەن ئۆلدى دەيتتى. (...) ساقچى تونۇشۇم لاگېردىكى ئاياللارغا توختىماي ئوكۇل ئۇرۇلىدىغانلىقىنى ۋە دورا ئىچۈرۈلىدىغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق ئاياللارنى تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە كىسەلچان قىلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. بۇ دورىلار بىر قىزغا ئەكىس تەسىر كۆرسىتىپتۇ، ئادىتى بىر يېرىم ئاي توختىماي، قانسىراپ ئۆلۈپ كەتتى».[209]

[207] باقىتئالى نۇر بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[208] ئابدۇخەۋەر رەجەپ بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[209] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ئۆمەربەك ئەلى: «بىز سوراققا ئېلىپ كېتىلگەن ۋە ئۈچ كۈن ئىچىدە قايتىپ كەلمىگەنلەرنى ئۆلۈپتۇ دەپلا ئويلايتتۇق. يان كامېردا يۈسۈپ ئابلىز ئىسىملىك كىشىنىڭ سوراقتىن كېيىن، جەسىتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. قاراماي شەھىرىدىكى بىر ساقچىنىڭ جىيەنىمۇ ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى (...) تاماق تارتقانقان ۋاقىتتا، كامىرلاردا پەقەت تاماقلارنى سۇنالايدىغان كىچىك بىر تۆشۈك بار ئىدى، ئۇ يەر ئوچۇق بولغاچقا ئۆلگەنلىكىنى شۇ يەردىن كۆردۇق».[210]

2. گۇرۇپپا ئەزالىرىغا ئېغىر جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زىيان يەتكۈزۈلۈشى

ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەردىن لاگېرلاردا، ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىدە ۋە تۈرمىلەرگە قامالغان ئۇيغۇرلارغا (ۋە قازاق، قىرغىز قاتارلىق مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مەنسۇپ كىشىلەرگە) ئېغىر جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زىيان سالغانلىقى ئېنىق. قولغا ئېلىنغانلار ئىنسان قېلىپىدىن چىققان شارائىتتا ياشاشقا مەجبۇرلانماقتا، جىسمانىي ۋە پسىخولوگىيىلىك زوراۋانلىققا، جىنسىي تاجاۋۇزچىلىق ۋە جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچراۋاتماقتا. قولغا ئېلىنغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ئۇچرىغان ئازابلىرى توغرىسىدا بىرىنچى قول مىساللار تۆۋەندىكىچە:

گۈلباھار جېلىلوۋا: «بىز بىر ئۆيدە قىرىق كىشى ئىدۇق (...) ھەممەيلەننىڭ قولى ۋە پۇتىدا زەنجىر كىشەن بار ئىدى. قول بىلەن پۇتنى باغلاپ تۇرىدىغان زەنجىرمۇ بار ئىدى. ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىر، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر كېلىدىغان كامىردا بىر يېرىم مېتىرلىق ھاجەتخانا بار ئىدى. كەڭلىكى تەخمىنەن ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا ئىدى. بىر مېتىر كېلىدىغان يەر كارىدورغا ئوخشايتتى، ئۇ يەردىن بىز ھاجەتخانىغا بارالايتتۇق. ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكى يوق ئىدى. مۇنچىمۇ شۇ يەردە ئىدى، ھاجەت قىلغاندا ھەممە يېرىمىز كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بولۇپمۇ كىچىك قىزلار بەك خىجىل بولاتتى. ھەر ئايدا بىر قېتىم سوغۇق سۇدا بىر مىنۇت يۇيۇنۇشىمىزغا رۇخسەت قىلاتتى (...) ئەتىگەندە، بىزگە موما بىلەن سوغۇق ئۇماچ بېرىلەتتى. چۈشتە پەقەت نانلا بېرەتتى (...) كەچتە يەنە نان ۋە تەرخەمەك سۈيى بېرەتتى (...) كۈندۈزى ھەر بىر ئادەمگە بىر ئىستاكان سۇ بىرەتتى (...) ئۇ يەردە (سوراق ئۆيىدە) بىر كارىۋات بار ئىدى، كامېرا يوقتى. مەنمۇ ئۇ يەردە جىنسىي تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىدىم. شۇڭلاشقا ھازىرغىچە ئوڭشىلىپ بولالمىدىم، ھەر قېتىم ئېسىمگە كەلسىلا يىغلايمەن. (...) ئىككى ساقچى قولۇمنى تۇتۇپ تۇراتتى، يەنە بىر ساقچى باسقۇنچىلىق قىلاتتى. بۇ داۋاملىق بولۇپ تۇراتتى (...) مەن ئاپاڭ ياكى ئاچا-سىڭلىڭ يوقمۇ دەپ سورىغىنىمدا، ئۇلار: «سەن دېگەن ھايۋان، سەن دېگەن مەينەت، ئاپام ياكى ئاچام ئەمەس» دەيتتى (...) مەن بار كامېردىكى ھەممەيلەن جىنسىي تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراپ باققان ئىدى. ياش پەرقى يوق ھەممەيلەننىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى بىلىمەن (...) مەن ئۇ بىر يىلدا يىگىرمە كىلوگرام ئورۇقلىدىم (...) چاچلىرىمغا ئاق چۈشۈپ كەتتى».[211]

[210] ئۆمەربەك ئەلى بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈندىكى سۆھبەت.
[211] گۈلباھار جېلىلوۋا بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈندىكى سۆھبەت.

تابىسخان مارۇبقان : «مەن باشتا لاگېرغا بارغان ۋاقتىمدا، ھەر كۈنى 14 سائەتتىن 15 سائەتكىچە تۆمۈر ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتۇق. بىر ئاي ھەركۈنى ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ، بىر خىل ھەربىي تەرتىپ ئۆگىتىلەتتى. ھەرىكەت قىلىشىمىز مەنئى قىلىناتتى (...) بىر كامېردا 16 كىشى تۇراتتۇق. ئۇخلاش ۋە ئولتۇرۇشنىڭ ھەممىسىنى بىر كامېردا قىلاتتۇق. كامېردا ئولتۇرىدىغان بىر ئورۇندۇق بار ئىدى. يېتىش ئۈچۈن يەردىن سەل ئېگىزرەك سېمونت يەردە ياتاتتۇق. ئۇ يەرگە ئون ئالتە كىشى سىغمايتتى. سىغمىغانلار يەردە ياتاتتى. كامېر يىگىرمە كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا ئىدى. ھاجەتخانىمۇ شۇ يەردە ئەتراپى ئوچۇق ھالەتتە ئىدى، يېپىق يەر يوق ئىدى، ھەممەيلەن كۆرەلەيتتى. ئېغىر ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك بار ئىدى (...) ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن، ۋاقىرىغان ياكى ھەرىكەت قىلغان ھەر قانداق ئادەم تاياق يەيتتى (...) ھەپتىدە بىر قېتىم 16 كىشى جەمئىي يىگىرمە مىنۇتتا يۇيۇنۇپ بولۇشىمىز كېرەك ئىدى. بۇ يەردە پەقەت بىرلا مۇنچا جۈمىكى بار ئىدى، ۋە سۇ سوغۇق ئىدى. (...) ھەر كۈنى ئولتۇرۇۋېرىپ پىسخىكىسى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى. بەزىلىرى ھېچ گەپ قىلالمايتتى، بەزىلىرىنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىيتتى، بېشىنىڭ ئاغرىقىدىن بېشىنى تامغا ئۇراتتى. (...) لاگېردىن چىققاندىن كېيىن، مەن كېسەلچان بولۇپ قالدىم. ھازىر ئىككىلى بۆرىكىمدە مەسىلە بار، بەزىدە يۈرۈم ئىششىپ كېتىدۇ. ھەممە يېرىمنى كېسەللىك چىرمىۋالدى. لاگېرغا كىرىشتىن ئىلگىرى مەندە ھېچقانداق كېسەللىك يوق ئىدى. مەن ھەتتا ئاسپىرىنمۇ ئىچمەيتتىم. ھازىر يۈرىكىمدىمۇ مەسىلەر بار، دائىم يۈرىكىم ئاغرىيدۇ، تەكشۈرتسەم قان يۈرىكىمگە يېتەرلىك مىقداردا بارمايدىكەن، بۆرەككە سۇ چۈشۈپتۇ، بۆرىكىمگە ئېغىر سوغۇق ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن مۈشۈنداق بولۇپ قاپتۇ. (بۇ يەردىكى دوختۇرلار شۇنداق دەيدۇ) ئاندىن سۈيدۈكۈم قان ئارىلاش كېلىدۇ، دېيىشتىن خىجىل بولىمەن ئەمما دېمىسەم بولمايدۇ، ئۇ يەردە تېپىپ چىققان كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن ھازىر ئايالىم بىلەن بىرگە بولالمايمەن.[212]

باقىتئېلى نۇر: «مەن كىرگەندە يەتتە ئادەم بار ئىدى. مەن بىلەن سەككىز كىشى بولدۇق، كېيىن سانىمىز كۆپىيىپ ئون ئىككى كىشى بولدۇق. بىز تۇرغان كامېر ئون كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا ئىدى. كامېرنىڭ ئىچىدە ھاجەتخانا يوق ئىدى. ئەتىگەندە بىر قېتىم، كەچتە بىر قېتىم ھاجەتخانىغا ئېلىپ چىقاتتى. كۈندە پەقەت ئىككى قېتىملا چىقالايتتۇق، باشقا چاغدا رۇخسەت يوق ئىدى. پەقەت ئىككى مىنۇتلا ۋاقتىمىز بار ئىدى (...) بىزگە ئەتىگەن، چۈش ۋە كەچتە ئۈچ قېتىم نان ۋە سۇيۇق شوۋىگۈرۈچ بېرىلەتتى. (...) بىز ھېچقانداق ھەرىكەت قىلماي تۆمۈر ئورۇندۇقتا ئون بەش سائەت ئولتۇراتتۇق (...) ئابدۇسالام دەپ بىر ئۇيغۇر يىگىت بار ئىدى، ئۇنى ئېلىپ كەتتى، سوراقتىن قايتىپ كەلگەندە ئىككى قولى ئىشلىمەس بولۇپ قالغان ئىكەن، مېنى ئۇ بالىنىڭ ھاجەت ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى. مەن ئۇنىڭدىن قولىغا نېمە بولغانلىقىنى سورىدىم، ئۇ، پۇتىنى يەرگە تەككۈزمەي ئىككى قولى بىلەن تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى، تۆت كۈندىن كېيىن يەرگە چۈشۈرگەندە، ئىككى قولىنىڭ ئىشلىمەس بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ھاجىتىنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشتانىنى پەسكە چۈشۈرگىنىمدە، ھەممە يېرى قاپقارا ۋە چۈرۈپ كەتكەن ئىدى. (...) ئۇ يەردە تاياق يەپ بىلەكلىرىم سۇنۇپ كەتتى (...)

[212] تابىسخان مارۇبقان بىلەن 2021ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 15ـ كۈندىكى سۆھبەت.

www.uyghurkitap.com

لاگېردىن چىققاندىن كېيىن، توققۇز خىل كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم. بۆرەك، ئۆپكە، ئاشقازان...ھەممىسىدە مەسىلە بار. (...) ھەر كۈن تاياق زەربىسىدە، روھىي، پسىخىكىلىق ۋە جىسمانى جەھەتتىن شۇنداق قىينىلاتتىم (...) بالدۇرراق ئۆلگۈملا كېلەتتى، باشقا ھېچقانداق ئىش كاللامغا كەلمەيتتى، قۇتۇلۇشنىمۇ ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. مەن ئاللاھتىن بالدۇرراق ئۆلۈشنى تىلىدىم، دۇئا قىلدىم. مېنىڭ ئۆلۈشتىن باشقا خىيالىم يوق ئىدى، ئۆلۈش مەن ئۈچۈن ئەركىنلىككە چىقىش ئىدى».[213]

ئابدۇخەبەر رەجەپ: «بىز ئۇ ئۆيدە يىگىرمە بەش ئادەم بىللە تۇراتتۇق، بىر-بىرىمىزگە چاپلىشىپ ياتاتتۇق. بەزىدە بەش-ئالتە كىشى پاتمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇخلىيالمايتتى. شۇڭا ئۇلار تامغا يۆلىنىپ ئۆرە تۇراتتى. ئولتۇرىدىغان يەرمۇ يوق ئىدى (...) خىتايچە ناخشا ئۆگىنەتتى، ئەگەر سىز بىر سۆزنى خاتا يادلاپ قويسىڭىز، تاياق يەيتتىڭىز. (...) ئەتىگەن سائەت توققۇزدا، ساقچىلار كېلىپ قارا-قويۇق ئۇرۇپ كېتەتتى. ھەر كۈنى ئون بەش مىنۇتتىن يىگىرمە مىنۇتقىچە ئۇراتتى....ھەممىمىز زەنجىر بىلەن باغلاقلىق بولغاچقا، تاياقتىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايتتۇق. (...) خوتەندىكى لاگېرنىڭ شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى (...) تېخىمۇ كىچىك كامېردا يىگىرمە بەش ئادەم ئىدۇق. يېرىمىمىز تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى، يېرىمىمىز تاختايدا ئىدۇق. قول-پۇتلىرىمىز زەنجىر بىلەن باغلانغان ئىدى. (...) ئايالLARنى بەك ئۇراتتى. داۋاملىق ئاياللارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سىم بىلەن ئۇراتتى، ئاياللار بەرداشلىق بىرەلمەي يىغلايتتى، ھەممىسىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. (...) شۇ ۋاقىتتىكى قىيناشتىن كۆكرىكىمدە قالغان جاراھەتلەر ھازىرغىچە بار. مەن لاگېردىن چىققاندىن كېيىن، دوختۇرخانىغا باردىم. بىر ئاي داۋالاندىم. جاراھەت يېرىدىن توختىماي يىرىڭ ئېقىپ تۇراتتى.»[214]

قەلبىنۇر سىدىق: «مەن دەرس ئۆتكەن ئالتە ئاي جەريانىدا، كىشىلەر ئەسلا يۇيۇنالمىدى. ئۇلارنىڭ ھەتتا تازىلىق ئۆيىگە كىرىش ئۈچۈن پەقەت بىر مىنۇتلا ۋاقتى بار ئىدى. كۆلرەڭ ئىچ كىيىمگە ئوخشاش كىيىم كىيدۈرۈلەتتى. كېچىلىك كىيىمگە ئوخشاش نېپىز ئىدى. ھەممىسىنىڭ پۇتلىرى ۋە قوللىرىدا زەنجىر-كىشەن بار ئىدى. پۇتلىرىغا قارا نېپىز ئاياغ كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، ئاياق بارمۇ يوقمۇ بىلگىلىمۇ بولمايتتى. (...) ھەممىسىنى پىت بېسىپ كەتكەن ئىدى. (...) دەرس ئۆتۈۋاتقان چاغدا ساقچىلار كېلىپ بەش-ئالتە كىشىنى چاقىرىپ ئېلىپ كېتەتتى. دەرسخانىنىڭ ئاستىدا سوراق ئۆيى بار ئىدى. ئۇلار ئۇ يەردە سوراققا تارتاتتى، بىز ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. ۋارقىراش-جاقىراش ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنى قاتتىق قىينايتتى. (...) سوراققا چىقىپ كەتكەن بىر قىسىم كىشىلەر قايتىپ كەلمەيتتى (...) يەردىلا ياتاتتى. ئورۇندۇقمۇ يوق، تامغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى. قەتئىي كۈن كۆرسەتمەيتتى. يېتەرلىك تاماق ۋە سۇ بىلەنمۇ تەمىنلىمەيتتى. (...) ھەممىسى كېسەل چىراي بولۇپ كەتكەن ئىدى، ئەھۋالى ئىنتايىن ناچار ئىدى. (...) لاگېردىكى كىشىلەرگە ئىككى تال ئاق دورا تارقىتاتتى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئوكۇل ئۇراتتى ۋە قان ئەۋرىشكىسى ئالاتتى. (...) كىشىلەر ۋاقىت ئۆزارغانسېرى كاللىسىدىن كېتىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇلار بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قاراپلا

---

[213] باقتىئالى نۇر بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[214] ئابدۇخەۋەر رېجەپ بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.

تۇراتتى. ھەتتا تۇغقانلىرىنىمۇ ئۇنتۇشقا باشلىغان ئىدى. (...) يېڭى كەلگەنلەرنىڭ چىرايى بىرئاز ياخشى بولغاچقا، بۇرۇن كەلگەنلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. كىسەل ئۇلارنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. (...) ئۆزۈم تونۇيدىغان بىر ساقچىدىن جىنسىي پاراكەندىچىلىك ھەققىدە سوئال سورىدىم. چۈنكى ئانچە مۇنچە ئاڭلاپ قالغان ئىدىم. ئۇ يەردە خىتاي ساقچىلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلار ئاياللار لاگېرىدا ئىشلەشنى خالايتتى. چۈنكى ئۇ يەردە قىزلارغا خالىغانچە باسقۇنچىلىق قىلالايتتى. ئۇلارنىڭ مەقئەتلىرىگە، ئېغىزىغا، قۇلاقلىرىغا توك كالتەك تەگكۈزۈپ قىينايتتى. شۇڭا خىتاي ساقچىلىرى بۇ لاگېرلاردا ئىشلەشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. (...) مەن ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقاندا كۆرگەنلىرىمگە چىدىيالمىدىم. ھەممىنى ئىچىمگە يۇتتۇم. ھېچكىمگە دېيەلمىگەچكە كېسەل بولۇپ قالدىم. (...) ھەتتا بىر مەزگىل دوختۇرخانىدىمۇ يېتىپ چىقتىم». [215]

ئۆمەربەك ئەلى: «مەن ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن، تېخىمۇ قاتتىق تاياق يېيىشكە باشلىدىم، ئۇلار توك كالتەكلىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. توك كالتەككىمۇ بەرداشلىق بەردىم، ئاندىن ئۇلار كاۋچۇك كالتەك بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى، مەن تېخىچە ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتىم، ئۇلار مېنى شۇ ھالەتتە ئۇردى. ئاندىن مېنى ئورۇندۇقتىن تۇرغۇزۇپ، ئىككى قولۇم بىلەن تورۇسقا ئېسىپ، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. (...) مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇلار جىنسىي ئەزالار ۋە سەزگۈر رايونلارنى قىيناشقا باشلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىنچىكە مىخلارنى تىرناق ئارىسىغا تىقىپ قىيناشنى داۋاملاشتۇردى (...) ئۇلار قىيناش جەريانىدا يەنە ھاقارەت قىلاتتى، تىللايتتى. (...) شۇ ۋاقىتتا، يان كامېردىكى بىر قىزنىڭ «مېنى ئۆلتۈرۈۋەت!» دەپ ۋاقىراپ يالۋۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. بەك ئازابلاندىم، كەمسىتىلىش ۋە ھاقارەتلىنىشكە بەرداشلىق بېرىش بەك تەس ئىدى (...) بەدىنىمدە يارا ئىزلىرى، ئىششىق ۋە كۆكىرىپ كەتكەن يەرلەر بار ئىدى. ئۇ جاراھەتنىڭ ئىزلىرى بەدىنىمدە ھازىرغىچە بار، ئۇ چاغلاردا بەدىنىم چىرىگەن بىر گۆشكە ئوخشاپ قالغان ئىدى. (...) مەن ھازىرغىچە پىسخىكا جەھەتتىن داۋالىنىۋاتىمەن، سىلەرگە دەپ بەرگۈچە كەيپىياتىم يەنە ناچارلاشتى. (...) لاگېرغا كىرمەستە 115 كىلو ئىدىم، لاگېردىن چىققاندا 60 كىلوغا چۈشۈپ قاپتىمەن. سەككىز ئاي ئىچىدە مۈشۈنچىلىك ئورۇقلاپ كېتىپتىمەن. (...) ئۇ يەردىكى كۆپىنچە كىشىلەر ئەقىل ـ ھوشىنى يوقاتتى. كامېردا، دىلشات سېتىۋالدى ئىسىملىك بىر قېرىنداشىمىز قىيناش جەريانىدا جىق تاياق يەپ كېتىپ، بۆرىكى كاردىن چىقىپتۇ، ماڭالمايتتى، سۈيدۈكىدىن قان كېلەتتى، ئۇنىمۇ داۋالاشقا ئېلىپ چىقمىدى. ئالىم ئاۋۇت ئىسىملىك يەنە بىر دوستىمىز گېمروي بولۇپ قېلىپ، بىر غېرىچتىن جىقراق ئۈچەيى سىرتقا چىقىپ قالغان ئىدى. كامېردا ھاجەتخانە بولسىمۇ ئەتراپى ئوچۇق ئىدى. ھەممەيلەن كۆرەلەيتتى. بىز ئالىمنىڭ ئۇ ھالىتىنى كۆردۇق، ئۇنىمۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارمىدى». [216]

---

[215] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 26ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

[216] ئۆمەربەك ئەلى بىلەن 2021ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 24ـ كۈنىدىكى سۆھبەت.

www.uyghurkitap.com

3. گۇرۇپپىنىڭ فىزىكىلىق مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىش ئۈچۈن، گۇرۇپپىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى قەستەن ئۆزگەرتىش.

گۇۋاھچىلارنىڭ ھازىرغىچە قەلەمگە ئېلىنغان گۇۋاھلىق سۆزىدە يەنە «گۇرۇپپىنىڭ فىزىكىلىق مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىش ئۈچۈن، گۇرۇپپىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى قەستەن ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتىنىڭمۇ بارلىقى مۇقىملاشتۇرۇلدى. ئۇيغۇرلار (ۋە باشقا ئاز سانلىق مۇسۇلمان گۇرۇپپىلىرى) تۇركۇم-تۇركۇم لاگېرغا سولىنىپ، ئادەم قېلىپىدىن چىققان شارائىتتا ياشاشقا مەجبۇرلانماقتا، تۇتۇلغان نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتىدىن ئايرىلماقتا.

رايوندىكى ئولتۇراق يەرلەرنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن يېڭى جازا لاگېرلىرى، ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى ۋە تۈرمىلەر قۇرۇلدى. ئوخشاش بىر جايدا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلگەن بىنالارنىڭ پەۋقۇلئاددە كۆپىيىشى، شۇنداقلا باشقا ئاممىۋى ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن ئىمارەتلەرنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئۆزگەرتىلىشى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى زور جىسمانىي زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ۋە ھاياتىدىن ئايرىيدىغان «يېڭى تۇرمۇش شارائىتى»نىڭ، بىۋاستە دۆلەتنىڭ قولى بىلەن تەييارلانغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

تابىسخان مارۇبقان: «بىز تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بىر نەچچە ئاي ئىچىدە جازا لاگېرلىرى قۇرۇلۇپتۇ. بىزنى لاگېرلارغا يۆتكىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قىيناشلىرى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئۇلار بۇ لاگېرلارنى كونا لاگېرنىڭ يېنىغا سېلىش ئارقىلىق كېڭەيتكەن. يەر ئۈستىدە ئۈچ قەۋەت، يەر ئاستىدا بىر قەۋەت بار ئىدى. مەن مارتتا لاگېرغا كىردىم، ئۆكتەبىردە يەنى يەتتە ئايدىن كېيىن يېڭى لاگېرغا يۆتكەلدىم».[217]

باقىتئېلى نۇر: «كېيىن ئۇلار مېنى ئۆزەم تۇرۇشلۇق ناھىيىدىكى لاگېرغا ئېلىپ باردى (...) ئۇ يەر ئىلگىرى كەسپىي مەكتەپ ئىدى. ئۇلار يەنە بۇ مەكتەپنى قۇرۇپ، دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئۇيغۇر سودىگىرىنىمۇ جازا لاگېرىغا سولاپتۇ».[218]

ئابدۇخەبەر رەجەپ: «بىزنىڭ شەھىرىمىزدە (خوتەن) تۈرمە بار، نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدۇق دەپ سورىدىم. ئۇلار مۇنداق دېدى: خوتەن تۈرمىسىدە ئادەم بەك كۆپ، شۇڭا بىز بۇ يەرگە كەلدۇق (...) 2014-يىلدىن بۇرۇن، پەقەت دىن دەرسى بېرىدىغانلار ۋە دىندار كىشىلەرلا قولغا ئېلىناتتى، ئەمما كېيىن (2014-يىلدىن ئېتىبارەن) ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن بىر نەرسە يازغانلار، كادىرلار، ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلغانلار، زىيالىيلار ھەممىسى تۈرمىگە تاشلاندى. (...) ئۇيغۇرلار يوقىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ھاياتىدىن ئايرىلدى. دوستلىرىمىز، تۇغقانلىرىمىزغا نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمىز. بىز تۈرمىدە تۇرۇۋاتقاندا، خوتەن ناھىيىسىدىكى بىر كادىر بىز بىلەن پاراڭلىشىپ، ھازىرقى ئەھۋالنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلمىساق، جەسىتىمىزنى ئەخلەتكە تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.[219]

---

[217] تابىسخان مارۇبقان بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[218] باقىتئالى نۇر بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[219] ئابدۇخەۋەر رېجەپ بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.

قەلبىنۇر سىدىق: «مەن1-مارتتىن 21-مارتقىچە 97 ئادەمگە دەرس ئۆتتۈم، 90 ى ئەر، 7 سى ئايال ئىدى. 21-مارتتىن كېيىن، لاگېرغا كەلگەنلەرنىڭ سانى كۆپەيدى. 7-8 مىڭ كىشى بولۇپ كەتتى. مەن كىرگەندە ھېچكىمنى ئىسمى بىلەن چاقىرالمايتتۇق، ھەممىسىگە ئوخشاش كىيىم كىيگۈزۈلۈپ، بويۇنلىرىغا نومۇرلىرى يېزىلغان ئىدى. تەخمىنەن 8000 ئادەم بار ئىدى (...) بىز ئوقۇتۇشنى باشلاپ ئۈچ ئاي كېيىن، مەن ئىمتىھان ئالىدىغان ياكى ئالمايدىغانلىقىمىزنى سورىدىم. ئۇلار ئىمتىھان ئالىدى، ئەمما ئىمتىھان قەغىزىنى ماڭا بەرمىدى. بۇمۇ بىر كۆز بويامچىلىق ئىدى. ئەگەر بىرسى سورىسا، بۇ يەر تەربىيەلەش مەركىزى دېيىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ بىر باھانە ئىدى خالاس. بۇ يەر ئۇيغۇرلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىش لاگېرى ئىدى (...) ئاياللار لاگېرى 6 قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، بالكون يوق ئىدى. 30-40 ئايال بىر كامېردا تۇراتتى. پەرىزىمچە پۈتكۈل لاگېردا 10 مىڭچە ئادەم بار ئىدى».[220]

ئۆمەربەك ئەلى: «مېنى تۈنجى قېتىم ئۇ يەرگە ئېلىپ بارغاندا، ئۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى زىيالىيلار، سودىگەرلەر ۋە بايلار ئىدى. كېيىن، دىنىي تەلىم ئالغان ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنى ئەكىلىشكە باشلىدى. ئاندىن كېيىن قارا قويۇق ئەكىلىشكە باشلىدى. (...) ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ لاگېرلارغا ئېلىپ بېرىلغانلارنىڭ سانى كۆپەيدى. بەزى ۋاقىتلاردا كىچىك كامېردا كىشى سانىمىز 50 دىنمۇ ئېشىپ كېتەتتى. مەن ئۇ يەردىكى ۋاقتىمدا، يېنىمىزغا يېڭى لاگېرنىڭ سېلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە 15 ~ 20 مىڭ كىشىلىك لاگېر بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم».[221]

4. گۆرۈپپا ئىچىدە تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سىياسىتىدىن ئايرىم ھالدا، بىۋاسىتە ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تۇغماس قىلىۋېتىش، مەجبۇرىي ئۈزۈك سالدۇرۇۋېتىش، بالا چۈشۈرۈش ۋە ھەيز دەۋرىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان دورىلارنى ئىچكۈزۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ زورلۇق بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىغا ئائىت ناھايىتى جىق پاكىتلار بار. بۇ مەجبۇرىي تەدبىرلەرنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى ئەڭ چوڭ ئىككى ۋىلايەتنىڭ نوپۇس ئېشىش سۈرئىتى 2015-يىلدىن 2018-يىلغىچە 84% تۆۋەنلىگەن.[222] ئۇيغۇر ئاياللىرىنى «مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى»، «قېرىنداش ئائىلە» قاتارلىق پىلانلار دائىرىسىدە خىتايلار بىلەن بىرلىكتە بولۇشقا ۋە تويى قىلىشقا مەجبۇرلاشمۇ «گۆرۈپپا ئىچىدە تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش» دائىرىسىگە كىرىدىغان يەنە بىر پىلاندۇر. بالىلىق بولالايدىغان ياشتىكى مىليونلىغان ئۇيغۇرنىڭ لاگېرغا سولىنىپ، ھەر تۈرلۈك قىيناش ۋە ناچار شارائىتلاردا بالىلىق بولالمايدىغان ھالغا كېلىپ قېلىشىمۇ بۇ ماددىنىڭ دائىرىسىدە باھالىنىشى كېرەك. بۇ ھەقتىكى بەزى گۇۋاھچىلارنىڭ بايانلىرى تۆۋەندىكىچە:

[220] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[221] ئۆمەربەك ئەلى بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[222] Adrian Zenz. (2020). Sterilizations, IUDs, and Mandatory Birth Control: The CCP’s Campaign to Suppress Uyghur Birthrates in Xinjiang” Jamestown, Haziran 2020 (Güncelleme 21 Temmuz 21 2020). s:2. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

www.uyghurkitap.com

گۇلباھار جېلىلوۋا: «ئۇلار ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىدا كىيىملىرىنى سېلىشقا زورلىدى، ئاندىن سۈيدۈك تەكشۈردى. ئەگەر بىرەرسى ھامىلىدار بولسا، يېنىدىلا بىر ئۆي بارتى، شۇ يەرگە ئەكىرىپ بالىنى چۈشۈرۈۋېتەتتى. (...) ئۇلار بىزگە ئايدا ئىككى قېتىم دورا بېرەتتى، ھەر ئون كۈندە بىر ئىشىكتىكى كىچىك يوچۇقتىن بىزگە ئوكۇل ئۇراتتى، ئوكۇل ئۇرغان دوختۇرمۇ ئەمەسمۇ ئۇقمايتتۇق، بېرىلگەن دورىلار سەۋەبىدىن بارلىق ئاياللارنىڭ، ھەتتا ياش قىزلارنىڭمۇ ئادىتى توختاپ قالغان ئىدى».[223]

تابىسخان مارۇبقان: «بۇنى دېيىشتىن خىجىل بولىمەن، ئەمما دېيىشكە مەجبۇرمەن، ئۇ يەردە قىيناش تۈپەيلى گىرىپتار بولغان كېسەللىكلىرىم سەۋەبىدىن، ئايالىم بىلەن بىللە بولالمايمەن».[224]

ئابدۇخەبەر رەجەپ: «باللارنىڭ سانىغا چەكلىمە بار. بىز ئىككى نوپۇسقا تىزىملاتتۇق. يەنە بىرى مەخپىي (...) بايقىلىپ قالسا، ئالدى بىلەن 15 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلاتتى، 2016-يىلى چىققان دوستلىرىم جەرىمانىنىڭ 30 مىڭ يۈەنگە چىققانلىقىنى ئېيتتى. كادىرلارغا 30 مىڭ يۈەن، پۇقرالارغا 25 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلىدىكەن. 2016-يىلدىن كېيىن جەرىمانە 80 مىڭ يۈەنگە چىقىپتۇ.»[225]

قەلبىنۇر سىدىق: «ئۇ يەردە مەن تونۇيدىغان بىر ساقچىنى كۆرۈپ قالدىم. بىز پىچىرلىشىپ چۈشتىن كېيىن كۆرۈشۈشكە دېيىشتۇق. بۇ ساقچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يەردىكى ئاياللارغا توختىماي ئوكۇل ئۇرۇلۇپ، دورا ئىچۈرۈلىدىكەن. ۋە بۇنىڭدىكى مەقسەت تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە باشقا كېسەل بولۇشى ئۈچۈن ئىكەن. بۇ دورىلار بىر قىزغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ، ئادىتى بىر يېرىم ئايغىچە توختىماپتۇ ۋە قانسىراپ تۈگەپ كېتىپتۇ. (...) لاگېردا بولسۇن ياكى سىرتتا بولسۇن، 18-59 ياش ئارىلىقىدىكى بارلىق ئاياللارنىڭ ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئوپېراتسىيىسى قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. مەن بۇ ئوپېراتسىيەنى 2019-يىلى 5-ئايدا بولدۇم. بۇ ئوپېراتسىيەنى قىلدۇرمىغان قىزلارنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىدى. بىرمۇ بالىسى بولمىسىمۇ، چوقۇم بۇ ئوپېراتسىيەنى قىلىشى كېرەك. بالىسى بولۇپ، يەنە بالا تۇغۇشنى ئويلاشمىغانلارمۇ بۇ ئوپېراتسىيەنى قىلدۇرۇشى كېرەك. (...) مەن بۇ ئوپېراتسىيەنى قىلدۇرغان ۋاقتىمدا، نۆۋەتتە تۇرۇۋاتقانلار بار ئىدى، بىز خۇددى قۇربانلىق قويغا ئوخشاش تىزىلىپ تۇرغان ئىدۇق. 18 ياشلىق كىچىك قىزلارمۇ بار ئىدى. مەن ئوپېراتسىيەنى تۆت سائەت ساقلىدىم، چۈنكى نۆۋەت ساقلاۋاتقانلار كۆپ ئىدى. ھەر بىر تۇرالغۇ ئادرېسى قاراشلىق بولغان كىچىك ئامبۇلاتورىيەلەر بار، مەن شۇ يەردە ئوپېراتسىيە بولدۇم. لاگېردىكى ئاياللار قانداق شارائىتتا بولدى ئۇقمايمەن. ئۇلارنى 50-100 كىشىلىك بىر گۇرۇپپا قىلىپ ئاپىراتتى. مېنى ئوپىراتسىيە قىلغان دوختۇرنىڭ يېشى خېلى چوڭ ئىدى، يېنىدا سېستىراسى بار ئىدى. ماڭا بىر تال ئوكۇل ئۇردى، ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى بىلمەيمەن، يېرىم سائەت ياكى بىر سائەت ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئوپىراتسىيەنى بولغاندىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.»[226]

[223] گۇلباھار جېلىلوۋا بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[224] تابىسخان مارۇبقان بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[225] ئابدۇخەۋەر رېجەپ بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.
[226] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۆمەربەك ئەلى: «مەن لاگېردا تۇرغان ۋاقتىمدا، قارامايدا بىللە ئىشلىگەن ھەلىم ئىسىملىك بىر دوستۇم بار ئىدى، ئۇ بەش يىل كېسىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە ‹قېرىنداش ئائىلە›پىلانى بىلەن بىر خىتاينى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىمەن. ئىنىم ھۆكۈمەتتە ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان ئىدىم، بۇ تېمىدا تېخىمۇ تەپسىلىي پاراڭلاشقۇم يوق».[227]

5. گۇرۇپپىغا مەنسۇپ باللارنى باشقا گۇرۇپپىغا مەجبۇرىي يۆتكەش

خىتاي ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىدىن باشقا، ئۇيغۇر باللىرىنى ئائىلىسىدىن ئايرىپ، ئۇلارنى دۆلەت كونتروللۇقىدىكى باللارنى قوغداش ئاپپاراتلىرى ۋە ياتاقلىق مەكتەپ قاتارلىق جايلاردا مەجبۇرىي تۇتماقتا. باللار بۇ يەردە ئانا تىلىنى ئىشلىتەلمەيلا قالماستىن، خىتاينىڭ تەشۋىقات مائارىپى بىلەن ئۇچراشماقتا شۇنداقلا ئۆز جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن مەھرۇم قالماقتا.[228] بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاتا-ئانىسى جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەن يۈزمىڭلىغان بالا دۆلەت تەرىپىدىن يىراق جايلارغا يۆتكەلدى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈۋېتىلدى.[229] گۇۋاھچىلار ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرى تۆۋەندىكىچە:

گۈلباھار جېلىلوۋا: «ماڭا ئەڭ ئېغىر كەلگىنى، يەڭگەن كۈننىڭ ئەتىسى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئايالالار. ئۇ بىر كۈنلۈك بوۋاقنا نېمە بولدى؟ ئۇ ئانىلارنىڭ سۈتى بار ئىدى، دورا بېرىپ سۈتىنىمۇ كېسىۋەتتى. بۇ ئىشنى ئويلىسام بەك قايغۇرىمەن».[230]

ئابدۇخەبەر رەجەپ: «پىلانلىق تۇغۇتنىڭ سىرتىدا تۇغۇلغان باللارنى لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىدۇ. (...) 2017-يىلى بەشىنچى ئايدا، ئايالىمنىڭ بىر دوستى ماڭا تېلېفون قىلدى. ئايالىم توققۇز يىل كېسىلىپ كېتىپتۇ. (...) باللىرىمدىن تېخىچە خەۋەر ئالالمىدىم. ئۇلارغا نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن (...) باللىرىمنىڭ ئەڭ چوڭى ھازىر 18 ياش، ئەڭ كىچىكى 10 ياش. بىر قىز، ئالتە ئوغلۇم بار ئىدى. باللىرىمغا نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. تارقالغان سىنلىق كۆرۈنۈشلەرگە شۇنداق تەپسىلىي قارىدىم باللىرىمنى ئۇچرىتىپ قالارمەنمۇ دەپ، ئەمما تاپالمىدىم».[231]

قەلبىنۇر سىدىق: «بۇ لاگېرغا ئېلىپ كېلىنگەنلەردىن ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى يوق. دادىسىنىڭ ئوغلىدىن خەۋىرى يوق، ئوغلىنىڭ دادىسىدىن خەۋىرى يوق، ھېچكىم بىلمەيدۇ. (...) مەن دەرس ئۆتكەن مەكتەپتە، ئاتا-ئانىسى لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن باللارنىڭ «ھەپتىلىك تەربىيەلەش لاگېرلىرى» غا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلايتتۇق. ئەمما ئۇ يەرنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتۇق. ئۇ مەكتەپلەر ناھايىتى مەخپىي تۇتۇلاتتى. ئۇ مەكتەپلەرگە 6

[227] ئۆمەربەك ئەلى بىلەن 2021-يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[228] Human Rights Watch. (2019). China: Xinjiang Children Separated from Families. 15 Eylül 2019. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[229] Adrian Zenz. (2019). Break Their Roots: Evidence for China’s Parent-Child Separation Campaign in Xinjiang. Journal of Political Risk. Vol. 7. No. 7. Temmuz 2019. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[230] گۈلباھار جېلىلوۋا بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[231] ئابدۇخەۋەر رېجەپ بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان باللار ئېلىپ كېتىلەتتى. مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا، تىزىملىك ئەۋەتىلەتتى. بۇ باللارنىڭ ئىسمى ۋە ئۇچۇرلىرى يېزىلغان تىزىملىكلەر مەكتەپكە كېلەتتى. بىز ئۇلارنى پات-پات بېرىپ، ئۇلارنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى، قانچە قېرىنداشنىڭ بارلىقىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتۇق...بۇ لاگېرلار يوق ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تەكشۈرەتتۇق. مەن باللارغا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. ئۇ ئۆيدە ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل تۇرسىمۇ، ياكى تاغىسى بۇ باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى ئېيتسىمۇ، باللارنى زورلاپ لاگېرلارغا ئېلىپ كېتەتتى. باللارنىڭ ئۇ يەردە قانچىلىك تۇرغانلىقىنى بىلمەيمەن. بىر بىلگۈچى ئاللاھ.».[232]

B. جىنايەتنىڭ مەنىۋى ئېلېمېنتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا

ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى سۆزلىيەلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن، جىنايەتنىڭ ماددى ئېلېمېنتىنى تەشكىل قىلىدىغان قىلمىشلار چوقۇم «مىللىي، ئېتنىك، ئىرقىي ياكى دىنىي گۇرۇپپىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىش» نى مەقسەت قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئالدىنقى ماۋزۇدا تىلغا ئېلىنغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بايانلىرىنىڭ ھەممىسىدە بۇ قىلمىشلارنىڭ مەلۇم بىر ئېتنىك گۇرۇپپىغا قارىتىلغانلىقى (بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار) كۆرسىتىلدى. خىتاينىڭ باشقا رايونلىرىدا ياشايدىغان ياكى ئوخشاش رايوندا ياشايدىغان خىتايلار ۋە شىبەلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمان بولمىغان گۇرۇپپىلار بۇ قىلمىشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ.[233] ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ جىنايەتكە چېتىلىشى،[234] شۇنداقلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت تارىخى مىراس قۇرۇلمىلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىقلارمۇ بۇ قىلمىشلارنىڭ ئالاھىدە نىيەت بىلەن قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.[235]

---

[232] قەلبىنۇر سىدىق بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سۆھبەت.

[233] شىبە (مانجۇلاردىن كەلگەن بىر خەلق) دەپ بىر مىللەت بار. موڭغۇللارغا ئوخشايدۇ، مۇسۇلمان ئەمەس، خىتايچە سۆيلەيدىغان بىر خەلق. ئۇلاردىن تۇتۇلغانلار يوق. (باقىتئالى نۇر بىلەن 2021- يىلى 4- ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى سۆھبەت)

[234] «نېمىشقا باردىڭ دەپ سورىدى، قازاقىستاندا مەسجىدكە باردىڭمۇ؟ ساقاللىقلار بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟ مەن ئۇ يەردە تىجارەت قىلىدىغانلىقىمنى، ئائىلەم ئۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم ۋە ئاران بىر ھەپتىلىك بارسام نېمە قىلالايتىم دەپ قايتۇرۇپ سورىدىم. ئۇلار جىنايىتىڭنى ئىقرار قىل دەپ بېسىم ئىشلىتىۋەردى (...) 2013- يىلىدىن كېيىن جامىگە بارغانلارغا بەك بېسىم قىلدى. دائىم ئۇلارنى سوراق قىلغاچقا ھېچكىم جامىگە بارالماس بولدى. مەن ئەسلىدىلا ھېچ بارمايتتىم. (باقىتئالى نۇر بىلەن 2021- يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى سۆھبەت)

[235] «2013- يىلى قۇرئان ئوقۇغان، جامىگە بارغان، دىن ئۆگەنگەن ھەتتا بۇلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان ھەركىشىنى مەھەللە مەھەللە ئارىلاپ تىزىملىدى. ئاندىن قولغا ئېلىشلار باشلىدى (...) خوتەندە شەھەر مەركىزىدە يىگىرمە چوڭ جامى بار. ئاڭلىشىمىزچە ھازىر ئاران ئىككىسى ساق، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى چېقىۋېتىلىپتۇ (2017- يىلىنىڭ ئۇچۇرى) (...) تارىخى جامىلەر ئىدى كۆپىنچىسى، 300-400 يىللىق جامىلەرمۇ بار. قىزىقبازار جامىسىنىمۇ چېقىۋېتىپتۇ.» (ئابدۇللار رەجەپ بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت)

خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ، 2014-يىلى 4-ئايدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى نىشانلاپ، تېرورلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى باشلاش توغرىسىدا بىر قاتار نۇتۇق سۆزلىگەن ئىدى. شى جىنپىڭ سۆزىدە، ئاشقۇنلۇقنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يىلتىز تارتقانلىقىنى بايان قىلىپ، بۇ رايوندىكى خەلقنى رەقەملىك نازارەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە يەرلىك ئۇچۇر بەرگۈچىلەرنىڭ كۆپەيتىلىشى لازىملىقىنى تىلغا ئالغان. شى جىنپىڭ بۇ مەزگىلدە، دۆلەتنىڭ قىلچە ئىككىلەنمەستىن قورال كۈچى ئىشلىتىشىگە، مۇتلەق رەھىم قىلماسلىققا، ھەتتا بۇ كىشىلەرگە (ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ) بولغان «مائارىپ» ۋە «ئۆزگەرتىش» نى ئېخىمۇ قاتتىق داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇدى.[236] شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە سېكرېتارى چېن چۈەنگو، رايوندىكى بارلىق بىخەتەرلىك قىسىملىرىغا رەئىسنىڭ سۆزى ۋە يولىيورۇقىغا ئاساسەن «ئېغىر ۋە ۋەيران قىلغۇچ ھۇجۇم» غا تەييارلىق قىلىشنى ئېيتتى ۋە كۆپ قېتىم «تۇتۇپ تۇرۇشقا تېگىشلىك بارلىق كىشىلەرنى تۇتۇپ تۇرۇش» نى بۇيرۇدى. بۇ بۇيرۇقلارنى 2017-يىلدىكى تاراتقۇلارغا ئاشكارىلانغان رەسمىي ھۆججەتلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.[237] 2017-يىلى، بۇ رايونغا جايلاشقان ۋە نوپۇسى ئاساسەن دېگۈدەك ئۇيغۇر بولغان يەركەن ناھىيىسىنىڭ بىر دۆلەت كادىرى (خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ سېكرېتارى) دۆلەت ئەمەلدارلىرى ۋە بىخەتەرلىك قىسىملىرى قاتناشقان خەلق مەيدانىدىكى يىغىلىشتا «ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىڭلار، (...) ئۇلارنى ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن.[238] لاگېر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بىر گۇۋاھچىنىڭ تۆۋەندىكى گۇۋاھلىق سۆزى، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ياكى بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشنى باھانە قىلىپ، ئايرىم ۋە ئالاھىدە بىر مەقسەت بىلەن ھەرىكەت قىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

> ***(...) تۇرمىدىكى ۋاقتىمىزدا، خوتەن ناھىيىسىدە بىر كادىر بىز بىلەن پاراڭلاشتى. ئۇ بىزگە، ھازىرقى ئەھۋال ئىلگىرىكى ئەھۋالغا ئوخشىمايدۇ. ئەگەر بىزنىڭ دېگىنىمىزدەك قىلمىساڭلار، قولىمىزدىن كەلگەننى قىلىمىز. جەستىڭلارنى ئەخلەتكە تاشلىۋېتىمىز، ھازىر ئەھۋال ئۆزگەردى، دېدى.[239]***

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىتى توغرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنىدا « ئىجرا قىلىنىغان پىلانلار، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردە شىنجاڭنى باشقۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى» دېگەن، شۇنداقلا بۇ ئىستراتېگىيىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشى كېرەكلىكىنى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە دۆلەت كادىرلىرىدىن تەركىب تاپقان يىغىنغا قاتناشقانلارغا بۇ ئىستراتېگىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى «سىياسىي بۇرچ» سۈپىتىدە قوبۇل

[236] Austin Ramzy and Chris Buckley. (2019). Absolutely No Mercy: Leaked Files Expose How China Organized Mass Detentions of Muslims. The New York Times. 16 Kasım 2019. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[237] Austin Ramzy and Chris Buckley. (2019). Absolutely No Mercy: Leaked Files Expose How China Organized Mass Detentions of Muslims. The New York Times. 16 Kasım 2019. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[238] Austin Ramzy and Chris Buckley. (2019). Absolutely No Mercy: Leaked Files Expose How China Organized Mass Detentions of Muslims. The New York Times. 16 Kasım 2019. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

[239] ئابدۇخەۋەر رەجەپ بىلەن 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سۆھبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىشنى بۇيرىغان.[240] ئۇيغۇرلارنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان بارلىق قىلمىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ بايانات 2020-يىلى 9-ئايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. باياناتنىڭ ئېلان قىلىنغان ۋاقتى، 2014-يىلى يەنە دۆلەت باشلىقلار يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى ئىستراتېگىيىنىڭ پەقەت «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ياكى «بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش» تىنىمۇ پەرقلىق باشقا مەقسەتنىڭ بارلىقىنى ئاشكارىلىدى.

بىر دۆلەتنىڭ قانۇنىدا، دۆلەت ئورگىنى سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەر ياكى ئورۇنلار تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تەشكىل قىلىدىغان قىلمىشلار سادىر قىلىنغان بولسا، دۆلەتنىڭ قانۇنىدا ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ ياكى كۆرسەتمە بويىچە ئىش قىلغان بولسا، بۇ جىنايەت دۆلەت ئىشلىگەن جىنايەت بولىدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشايدىغان، تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان سىياسەتلەر دۆلەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىن باشلاپ، قاتلاملىق ۋە ماسلاشتۇرۇلغان بۇيرۇق زەنجىرى ئىچىدە يولغا قويۇلغان. شۇڭلاشقا، بۇ قىلمىشلارنىڭ دۆلەت كونتروللۇقى سىرتىدىكى ئۈچىنچى تەرەپ ياكى تاسادىپىي ئامىللارغا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا قانۇنىي مەسئۇلىيىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بولۇپمۇ 2014-يىلىدىن باشلاپ سادىر قىلىنغان قىلمىشلار، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى شەكىللەندۈرمەكتە، ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ جىنايەتكە دۆلەت سۈپىتىدە بىۋاستە مەسئۇلدۇر.

---

[240] Chun Han Wong. Xi Says China Will Continue Efforts to Assimilate Muslims in Xinjiang. The Wall Street Journal, 26 Eylül 2020. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

Ayrıca bakınız: Chris Buckley. (2020). Brushing Off Criticism, China’s Xi Calls Policies in Xinjiang ‘Totally Correct’, The New York Times, 26 Eylül 2020. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 11. مەنبەلەر

ABC News. (2020). Chinese President Xi Jinping defends Xinjiang detention network, claiming 'happiness' is on the rise. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.abc.net.au/news/2020-09-28/chinese-president-xi-jinping-uyghur-xinjiang-correct-happiness/12708930

Abdullah Al-Ghadhawi. (2020). Uighur Jihadists in Syria. Newlines Institute for Strategy and Politics. 18 Mart 2020. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://newlinesinstitute.org/uyghurs/uighur-jihadists-in-syria/

Adrian Zenz. (2019). Beyond the Camps: Beijing’s Long-Term Scheme of Coercive Labor, Poverty Alleviation and Social Control in Xinjiang. Journal of Political Risk 7. No. 12. 2019. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.jpolrisk.com/beyond-the-camps-beijings-long-term-scheme-of-coercive-labor-poverty-alleviation-and-social-control-in-xinjiang/#_ftnref9

Adrian Zenz. (2019). Break Their Roots: Evidence for China’s Parent-Child Separation Campaign in Xinjiang. Journal of Political Risk. Vol. 7. No. 7. Temmuz 2019. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.jpolrisk.com/break-their-roots-evidence-for-chinas-parent-child-separation-campaign-in-xinjiang/

Adrian Zenz. (2020). Sterilizations, IUDs, and Mandatory Birth Control: The CCP’s Campaign to Suppress Uyghur Birthrates in Xinjiang. The Jamestown Foundation. Haziran 2020 (Güncelleme 21 Temmuz 21 2020). 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://jamestown.org/wp-content/uploads/2020/06/Zenz-Sterilizations-IUDs-and-Mandatory-Birth-Control-FINAL-27June.pdf?x71937

Adrian Zenz. (2018). Thoroughly reforming them towards a healthy heart attitude’: China’s political re-education campaign in Xinjiang. *Central Asian Survey*. (2018): 12

Adrian Zenz. (2018). Thoroughly reforming them towards a healthy heart attitude’: China’s political re-education campaign in Xinjiang. *Central Asian Survey*. (2018): 1–27.

Andrew Chatzky and James McBride. (2020). “China’s Massive Belt and Road Initiative,” Council on Foreign Relations. 28 Ocak 2020. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.cfr.org/backgrounder/chinas-massive-belt-and-road-initiative

Australian Strategic Policy Institute. (2020). Uyghurs for sale: ‘Re-education’, forced labour and surveillance beyond Xinjiang. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.aspi.org.au/report/uyghurs-sale

Austin Ramzy and Chris Buckley. (2019). The Xinjiang Papers - ‘Absolutely No Mercy’: Leaked Files Expose How China Organized Mass Detentions of Muslims. *New York Times*. 16 Kasım 2019. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.nytimes.com/interactive/2019/11/16/world/asia/china-xinjiang-documents.html

BBC News. (2014). China to stop harvesting executed prisoners' organs. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.bbc.com/news/world-asia-china-30324440

BBC News. Inside China's 'thought transformation' camps. (2019). Youtube. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişildi. https://www.youtube.com/watch?v=WmId2ZP3h0c

BBC Sounds. China is being accused of carrying out a brutal crackdown on millions of Uighur. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.bbc.co.uk/sounds/play/p06gcp5t

Ben Blanchard ve Michael Martina. (2015). “After Paris, China calls for world's support in Xinjiang,” *Reuters*. 15 Kasım 2015. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.reuters.com/article/us-france-shooting-china/after-paris-china-calls-for-worlds-support-in-xinjiang-idUSKCN0T506K20151116

Ben Westcott. (2019). China denies having ‘concentration camps,’ tells US to ‘stop interfering’. CNN. 6 Mayıs 2019. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.cnn.com/2019/05/06/asia/china-us-xinjiang-concentration-camps-intl

BRI. Belt and Road Initiative. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.beltroad-initiative.com/belt-and-road/

Business & Human Rights Resource Center. (2020). Adidas’ Response. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.business-humanrights.org/en/latest-news/adidas-response-4/

Business & Human Rights Resource Center. (2020). BMW’s Response. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.business-humanrights.org/en/latest-news/bmws-response/

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com

Business & Human Rights Resource Center. (2020). Nike's Response. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.business-humanrights.org/en/latest-news/nikes-response/

Catherine Putz. (2018). Why Would China Help Build an Afghan Military Base in Badakhshan?. The Diplomat. 5 Ocak 2018. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://thediplomat.com/2018/01/why-would-china-help-build-an-afghan-military-base-in-badakhshan/.

China Daily. (2015). Xinjiang's Yining County establishes 'de-extremification' education. 16 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://web.archive.org/web/20180827151028/http://xj.people.com.cn/n/2015/0114/c188514-23545423.html

Chun Han Wong. Xi Says China Will Continue Efforts to Assimilate Muslims in Xinjiang. The Wall Street Journal, 26 Eylül 2020. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.wsj.com/articles/xi-says-china-will-continue-efforts-to-assimilate-muslims-in-xinjiang-11601133450?mod=searchresults&page=1&pos=1

Ayrıca bakınız: Chris Buckley. (2020). Brushing Off Criticism, China's Xi Calls Policies in Xinjiang 'Totally Correct', The New York Times, 26 Eylül 2020. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.nytimes.com/2020/09/26/world/asia/xi-jinping-china-xinjiang.html.

Daraj. 25 Haziran 2020. Çin, Uygur Müslüman mahkumlarından çıkardığı "helal organları" nasıl satıyor?. 27 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://daraj.com/49104/

Darren Byler. (2021). Chinese Infrastructures of Population Management on the New Silk Road. Essays on the Rise of China and Its Implications. Mart 2021. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.wilsoncenter.org/publication/2020-21-wilson-china-fellowship-essays-rise-china-and-its-implications.

Deutsche Welle - DW. (2021). Sincandaki olayları takip ettiği için kadın hain olarak suçlanan Vicky Xu asla pes etmeyeceğini söyledi. 27 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.dw.com/zh/%E5%85%B3%E6%B3%A8%E6%96%B0%E7%96%86%E9%81%AD%E6%8C%87%E5%A5%B3%E6%B1%89%E5%A5%B8-%E8%AE%B8%E7%A7%80%E4%B8%AD%E7%A7%B0%E7%9F%A2%E5%BF%97%E4%B8%8D%E6%B8%9D/a-

57106094

Elisabeth Rosenthal. (2001). U.N. Official Fears China Uses Terror War as Front for Abuses. The New York Times. 10 Kasım 2001. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.nytimes.com/2001/11/10/world/un-official-fears-china-uses-terror-war-as-front-for-abuses.html

Embassy of the People's Republic of China in the United States of America. (2002). 'East Turkistan' Terrorist Forces Cannot Get Away with Impunity. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
http://www.china-embassy.org/eng/xw/t34101.htm

Fergus Ryan, Danielle Cave ve Nathan Ruser. (2018). Mapping Xinjiang's 're-education' camps. Australian Strategic Policy Institute. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.aspi.org.au/report/mapping-xinjiangs-re-education-camps

Health Europa. (2020). Forced Organ Harvesting: "I'm going to China, they're shooting my donor". 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.healtheuropa.eu/im-going-to-china-theyre-shooting-my-donor/97063/

Human Rights Watch. (2019). China: Xinjiang Children Separated from Families. 15 Eylül 2019. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.hrw.org/news/2019/09/15/china-xinjiang-children-separated-families.

Human Rights Watch . (2018). 'Eradicating Ideological Viruses' China's Campaign of Repression Against Xinjiang's Muslims. Eylül 2018. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.hrw.org/sites/default/files/report_pdf/china0918_web.pdf

International Court of Justice. (2007). Bosnia and Herzegovina v. Serbia and Montenegro, 26 Şubat 2007. s242, s373. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.icj-cij.org/public/files/case-related/91/091-20070226-JUD-01-00-EN.pdf.

International Court of Justice. (1996). *Bosnia and Herzegovina v Yugoslavia*. 11 Temmuz 1996. s31. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.icj-cij.org/public/files/case-related/91/091-19960711-JUD-01-00-EN.pdf

International Court of Justice. (1951). Reservations to the Convention on the Prevention and Punishment of the Crime of Genocide (Advisory Opinion). 28 Mayıs 1951. s. 12. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.icj-cij.org/public/files/case-related/12/012-19510528-ADV-01-00-EN.pdf.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

International Court of Justice. (2020). The Gambia v. Myanmar, 23 Ocak 2020. s74. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.icj-cij.org/public/files/case-related/178/178-20200123-ORD-01-00-EN.pdf.

International Criminal Court. Rome Statute of the International Criminal Court. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.icc-cpi.int/resourcelibrary/official-journal/rome-statute.aspx

International Labour Organization (ILO). (2017). Counter-Terrorism Law of the People's Republic of China. 30 Mart 2017. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. http://www.ilo.org/dyn/natlex/natlex4.detail?p_lang=en&p_isn=103954&p_country=CHN&p_count=1189

International Labor Organization. ILO. C029 - Forced Labour Convention, 1930 (No.29). 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.ilo.org/dyn/normlex/en/f?p=NORMLEXPUB:12100:0::NO:12100:P12100_INSTRUMENT_ID:312174:NO

International Law Commission. (2001). Responsibility of States for Internationally Wrongful Acts. article 4, 5, 7, 8. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://legal.un.org/ilc/texts/instruments/english/draft_articles/9_6_2001.pdf.

International Support for Uyghurs. Uyghur Organ Harvesting. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.isupportuyghurs.org/en/genocide/organ-harvesting

Iran International. (2021). Iranians Weary Of Secrecy Around Pact With China, Officials Remain Silent. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://iranintl.com/en/world/iranians-weary-secrecy-around-pact-china-officials-remain-silent

İlham Tohti. (2015). Hapisteki Lider İlham Tohti Yolum ve Gayem: Uygur Türkleri ve Çin Meselesi. Şira Yayınları. Eylül 2015. Derleyen Hamit Göktürk. sf:85, sf:231.

İlham Tohti. (2014). Radio Free Asia (Hür Asya Radyosu) mülakatı. RFA Uygurca Kanalı. 31 Ocak 2014.

İlham Tohti. (2013). Amerika'nın Sesi Radyosu: Çince Televizyonu Muhabiri Dung Fang'ın Ropörtajı. 7 Kasım 2013.

İlham Tohti. (2009). Pekin Milletler Üniversitesi'nde yapılan söyleşi. 29 Ekim 2009.

Jing-dong Yuan. (2011). The Arab Spring and China's Evolving Middle East Policy. *World Politics Review*. 20 Aralık 2011. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.worldpoliticsreview.com/articles/10992/the-arab-spring-and-chinas-evolving-middle-east-policy

John Chan. (2020). Report Shows Scale of Forced Labor in Xinjiang Cotton Industry. China Digital Times. 15 Aralık 2020. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://chinadigitaltimes.net/2020/12/new-report-exposes-vast-scale-of-forced-labor-in-xinjiang-cotton-industry/

John Sudworth. (2020). China's 'tainted' cotton. *BBC.* Aralık 2020. 24 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.bbc.co.uk/news/extra/nz0g306v8c/china-tainted-cotton

Lopnur County Government. (2015). The autonomous prefecture performs a performance evaluation of my county's 'deextremification' work. 21 Kasım 2015. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://web.archive.org/web/20180827145214/http://sl.loulannews.com/a/yiliaojiaoyu/20151121/4080.html

Marie Tredaniel ve Pak K. Lee. (2017). Explaining the Chinese Framing of the 'Terrorist' Violence in Xinjiang: Insights from Securitization Theory. *Nationalities Papers* 46. no. 1 (2017): 13.

Natalya McPartland. (2021). Forced Sterilizations In The US Contravene International Law. Human Rights Pulse, 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. https://www.humanrightspulse.com/mastercontentblog/forced-sterilisations-in-the-us-contravene-international-law#:~:text=FORCED%20STERILISATION%20BREACHES%20INTERNATIONAL%20LAW,crime%20and%20crime%20against%20humanity.

Permanent Mission of the People's Republic of China to the UN. (2001). Chinese President Jiang Zemin Expressed Condolences by Telegraph over Terrorist Attacks on America and Talked with President Bush on Telephone to Show China's Position against Terrorism. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir. http://chnun.chinamission.org.cn/eng/chinaandun/securitycouncil/thematicissues/counterterrorism/t26903.htm

www.uyghurkitap.com

Permanent Mission of the People’s Republic of China to the UN. (2001). Terrorist Activities Perpetrated by ‘Eastern Turkistan’ Organizations and Their Links with Osama bin Laden and the Taliban. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.fmprc.gov.cn/ce/ceun/eng/zt/fk/t28937.htm

Radio Free Asia. (2021). Shenyang'da ikamet eden Li Lin, hala pranga takan Sincan hakkında bilgi yayınladığı için "yıkımı kışkırtmaktan" üç yıl hapis cezasına çarptırıldı.
https://www.rfa.org/mandarin/Xinwen/7-02232021113025.html

Ted Robert Gurr. (2970). Why Men Rebel (Princeton, NJ: Princeton University Press, 1970).

Uluslararası Hukuk Komisyonu. (2021). 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://legal.un.org/ilc/.

United Nations Treaty Collection. “Status of Treaties. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://treaties.un.org/Pages/ViewDetails.aspx?src=TREATY&mtdsg_no=IV-1&chapter=4#7.

UN Economic and Social Council. (1999). Commission on Human Rights Fifty-Fifth Session Item 12(a) of the Provisional Agenda. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://undocs.org/E/CN.4/1999/68/Add.4

UN General Assembly. (2946). The Crime of Genocide. 11 Aralık 1946, A/RES/96. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.refworld.org/docid/3b00f09753.html.

UN Security Council. (2009). Eastern Turkistan Islamic Movement. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.un.org/securitycouncil/sanctions/1267/aq_sanctions_list/summaries/entity/eastern-turkistan-islamic-movement

UNHCR. (2005). UNHCR Note on Refugee Claims Based on Coercive Family Planning Laws or Policies. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.refworld.org/pdfid/4301a9184.pdf

Vienna Convention on the Law of Treaties. (1980). 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://treaties.un.org/doc/publication/unts/volume%201155/volume-1155-i-18232-english.pdf

Wei Shan and Gang Chen. (2009). The Urumqi Riots and China’s Ethnic Policy in Xinjiang. *East Asian Policy*. (2009): 15.

WSJ Opinion. (2016). The Nightmare of Human Organ Harvesting in China. 21 Mayıs 2021 tarihinde erişilmiştir.
https://www.wsj.com/articles/the-nightmare-of-human-organ-harvesting-in-china-11549411056

www.uyghurkitap.com

İYİ Parti Genel Merkezi
Mustafa Kemal Mh., 2120. Cd., No:9 Çankaya/Ankara
0312 408 08 08